# شىنجاڭ تەشۋىقاتى

# 新疆宣传

5

1990

1990 ـ يىللىق

5 ـ سان

(ئومۇمىي 26 ـ سان)

ئايلىق ژۇرنال

# شىنجاڭ تەشۋىقاتى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى

## بۇ ساندا

** كلاسسىكلار سۆزلىرىدىن **

ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋ زېدۇڭ پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا.......................... (1)

** ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ سۆزلىرى **

ئۈرۈمچى شەھىرىنى ئىتتىپاقلىقتا نەمۇنە شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە ئىتتىپاقلىقتا نەمۇنە ناھىيە دەپ نام بېرىش يىغىنىدا

يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ سۆزلىگەن سۆزى......... (22)

يولداش سۇڭ خەنلياڭنىڭ سۆزلىگەن سۆزى....... (25)

يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ سۆزلىگەن سۆزى....... (35)

** يۇقىرىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن **

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى جايلارنىڭ بۇ يىلقى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى

ئېيى» پائالىيىتىنى ھەقىقىي يوسۇندا ياخشى ئېلىپ بېرىشى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى..... (41)
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى «پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.................. (52)
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش، پاكلىق قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بۇ يىلقى پاكلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى...................... (59)

*** * ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت * ***

بىڭتۇەندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت تەتقىقات جەمئىيەتلىرى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت نەزەرىيە تەتقىقاتى پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى... (72)

*** * ماتېرىياللاردىن * ***

«ئىسلاھات ۋە يېڭى تەرەققىيات» نىڭ ئاساسىي كۆز قارىشىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش..................... (79)

كلاسسكلار سۆزلىرىدىن

# ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋ زېدۇڭ پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

تەھرىردىن: پارتىيىنىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە ماسلىشىش ئۈچۈن، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ۋە ماۋ زېدۇڭ قاتارلىق ماركسىزم، لېنىنىزم كلاسسكلىرىنىڭ پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بىر قىسىم بايانلىرىنى ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن تۈزۈپ چىقتۇق.

كوممۇنىستلارنىڭ باشقا پرولېتارىيات پارتىيىلىرىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى پەقەت شۇكى، بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى مەملىكەت پرولېتارلىرىنىڭ كۈرەشلىرىدە كوممۇنىستلار پۈتۈن پرولېتارىياتنىڭ مىللەت ئايرىمايدىغان ئورتاق مەنپەئەتىنى تەكىتلەيدۇ ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بېسىپ ئۆتىدىغان ھەربىر تەرەققىيات باسقۇچىدا كوممۇنىستلار باشتىن - ئاخىر پۈتۈن ھەرىكەتنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمەلىيەت جەھەتتە، كوممۇنىستلار ھەرقايسى مەملىكەتلەردىكى ئىشچىلار پارتىيىلىرىنىڭ

ئەڭ قەتئىي ۋە ھەرىكەتتىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى باشتىن - ئاخىر ئالغا سۈرىدىغان قىسمى؛ نەزەرىيە جەھەتتە، ئۇلارنىڭ باشقا پرولېتارىيات ئاممىسىدىن ئارتۇق يېرى شۇكى، ئۇلار پرولېتارىيات ھەرىكىتىنىڭ شارائىتىنى، بېسىپ ئۆتىدىغان جەريانىنى ۋە ئومۇمىي نەتىجىسىنى چۈشىنىدۇ.

ماركس، ئېنگېلس: «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» («ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 453 - 454 - بەتلەر).

پارتىيىمىزدە، ھەربىر ئادەم ئىشنى ئەسكەرلىكتىن باشلىشى كېرەك؛ پارتىيە ئىچىدە رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتەشتە يالغۇز يېزىقچىلىق قابىلىيىتى ياكى نەزەرىيە بىلىمىنىڭ بولۇشى ھەتتا بۇ ئىككىسىنىڭ تولۇق ھازىر بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ؛ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتەش ئۈچۈن، يەنە پارتىيىنىڭ كۈرەش شارائىتى بىلەن تونۇشۇش، كۈرەش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەش، ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن سادىق ۋە قەيسەر خىسلەتكە ئىگە بولۇش، ئاخىرىدا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆزىنى جەڭچىلەر قاتارىغا قويۇش لازىم — بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، «مەدرىسچە تەربىيە»گە ئىگە بولغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئىشچىلاردىن ئۆگىنىدىغان يەرلىرى ئىشچىلارنىڭ ئۇلاردىن ئۆگىنىدىغان يەرلىرىدىن كۆپ بولۇشى كېرەك.

ئېنگېلس: «ساكسون ئىشچىلار گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىگە يېزىلغان خەت» («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4 - توم، 460 - بەت).

ئىنتېرناتسىئونالنى بەرپا قىلغاندا، بىز: ئىشچىلار

سىنىپىنىڭ ئازادلىققا چىقىشى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆز ئىشى بولۇشى كېرەك، دېگەن جەڭگىۋار شوئارنى ئېنىق بەلگىلىگەنىدۇق. شۇڭا، ئوچۇقتىن - ئوچۇق قانداقتۇ، ئىشچىلار تولىمۇ ئاز تەربىيە كۆرگەن، ئۆزىنى ئۆزى ئازاد قىلالمايدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنى رەھىمدىل - مېھرىبان بولغان چوڭ - كىچىك بۇرژۇئازلار يۇقىرىدىن ئازاد قىلىشى كېرەك، دېگۈچىلەر بىلەن بىر يولدا ماڭمايمىز.

«ماركس، ئېنگېلسنىڭ ئاۋگۇست بېبېل، ۋىلگېلم لىبكنېخت، ۋىلگېلم براككې قاتارلىق كىشىلەرگە يازغان خېتى» («ماركس - ئېنگېلس خەت - چەكلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 100 - بەت).

دۆلەتنىڭ ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ جەمئىيەت خىزمەتكارىدىن جەمئىيەت خوجايىنىغا ئايلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كوممۇنا ئىككى توغرا چارىنى قوللانغان. بىرىنچىدىن، ئۇ مەمۇرىيەت، ئەدلىيە ۋە خەلق مائارىپى جەھەتلەردىكى بارلىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئومۇمىي سايلام ئارقىلىق سايلاپ چىقىلغان كىشىلەرگە تاپشۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، سايلىغۇچىلارنىڭ سايلانغۇچىلارنى خالىغان ۋاقىتتا ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. ئىككىنچىدىن، ئۇ بارلىق ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىگە، ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت باشقا ئىشچىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىش ھەققى بەردى. كوممۇنىدىن بېرىلگەن ئەڭ يۇقىرى مائاش ئالتە مىڭ فرانك بولدى. شۇنداق قىلىپ، كوممۇنا ھەرقايسى ۋەكالەت ئورگانلىرىدىكى ۋەكىللەرگە ئايرىم بەلگى-

لەنگەن ۋەكالەت چەكلىمىسى بەرمەي تۇرۇپمۇ كىشىلەرنىڭ ئەمەل تېپىش ۋە باي بولۇشقا بېرىلىپ كېتىشىنى ئىشەنچسىلىك ھالدا توسالىدى.

ئېنگلىس: «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش›قا مۇقەددىمە» («ماركس-ئېنگلىس تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 - توم، 568 - بەت).

بىز ئېھتىياجلىق پارتىيە ھەقىقىي تۇردە ئاممىا بىلەن دائىم مۇناسىۋەت باغلايدىغان پارتىيە بولۇشى، ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىشقا ماھىر پارتىيە بولۇشى كېرەك.

لېنىن «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ 2 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رولى توغرىسىدا قىلىنغان سۆز» («لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 31 - توم، 207 - بەت).

پارتىيىمىزنىڭ بارلىق تەشكىلاتلىرى ۋە مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ھەر كۈنى، ھەر دائىم ئىشلەيدىغان ھەممىۋا خىزمەتلىرى يەنى تەشۋىقات، تەرغىبات ۋە تەشكىلىي خىزمەتلىرى بىزنىڭ ئاممىا بىلەن بولغان ئالاقىمىزنى كۈچەيتىش ۋە كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

لېنىن: «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابتىكى ئىككى تاكتىكىسى» (1905 - يىل 6 - 7 - ئاي) («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى،1 - توم، 899 - بەت).

— ئاۋانگارت ئەترەت ئۆزى رەھبەرلىك قىلغان ئاممىدىن ئايرىلمىغاندا ۋە بارلىق ئاممىنى ھەقىقىي تۈردە ئالغا يېتەكلىگەندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئاۋانگارت ئەترەتلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالايدۇ. تۈرلۈك پائالىيەتلەردە پارتىيە ئەزاسى بولمىغان كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزمەي تۇرۇپ، كوممۇنىستىك قۇرۇلۇشنى ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بېرىشتىن ھەرگىز سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

— لېنىن: «جەڭگىۋار ماتېرىيالىزمنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا» (1922 - يىل 3 - ئاي) («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4 - توم، 403 - بەت).

— كوممۇنىستىك پارتىيە ئىنقىلابىي سىنىپنىڭ ھەقىقىي ئاۋانگارتى بولسا، بۇ سىنىپنىڭ بارلىق مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلغان بولسا، پارتىيە قاتتىق ئىنقىلابىي كۈرەش تەربىيىسىگە ئىگە بولغان ۋە چېنىققان، تامامەن ئويغانغان ۋە ساداقەتمەن كوممۇنىزمچىلارنى مەركەزلەشتۈرسە، ئۆز سىنىپىنىڭ پۈتۈن ھاياتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر بولسا، ئاندىن ئۆز سىنىپى ئارقىلىق پۈتكۈل ئېكسپىلاتسىيە قىلىنغۇچى ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلىيالىسا، بۇ سىنىپ ۋە بۇ ئاممىنىڭ تولۇق ئىشەنچىسىگە ئىگە بولالىسا — پەقەت مۇشۇنداق پارتىيە كاپىتالىزمنىڭ بارلىق كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇشتا ئەڭ رەھىمسىز، ئەڭ قەتئىي ھالدا ئەڭ ئاخىرقى كۈرەشتە پرولېتارىياتقا رەھبەرلىك قىلالايدۇ.

لېنىن: «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئىككىنچى قېتىملىق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا تېزىسلار» (1920 - يىل 7 - ئاي) («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4 - توم، 295 - بەت).

كوممۇنىستىك جەمئىيەتنى يالغۇزلا كوممۇنىستلارنىڭ قولى بىلەن قۇرۇش، بۇ — بالىلىق، پۈتۈنلەي بالىلىق ئىدىيىسىدۇر. كوممۇنىستلار — دېڭىزنىڭ بىر تامچىسى، خەلق دېڭىزنىڭ بىر تامچىسى خالاس. ئۇلار ئۆز يوللىرىنى پەقەت پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى تارىخىي تەرەققىيات يۆزلىنىشىدىن توغرا بەلگىلىگەندىلا ئاندىن خەلقنى رەھبەرلىك قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ يولىدا ماڭالايدۇ.

لېنىن: «ر ك پ (ب) مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي دوكلاتى» (1922 - يىل 3 - ئاي) («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4 - توم، 639 - بەت).

خەلق ئاممىسى ئىچىدە ھەر ھالدا بىز دېڭىزنىڭ بىر تامچىسىمىز، خالاس، بىز خەلقنىڭ كۆڭلىدىكىنى توغرا ئىپادە قىلالىساقلا ئاندىن ئىدارە قىلالايمىز. ئۇنداق بولمايدىكەن، كوممۇنىستىك پارتىيە پرولېتارىياتنى يېتەكلىيەلمەيدۇ، پرولېتارىيات بولسا ئاممىنى يېتەكلىيەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ماشىنا ۋەيران بولىدۇ.

لېنىن: «ر ك پ (ب) مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي دوكلاتى»

(1922 - يىل 3 - ئاي) («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4 - توم، 651 - بەت).

ئەمگەكچى خەلق بىزنى ھىمايە قىلىدۇ. بىزنىڭ كۈچىمىز مانا مۇشۇ يەردە. پۈتۈن دۇنيا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ يېڭىلمەسلىكىنىڭ مەنبەسى مانا مۇشۇ يەردە.

لېنىن: «ئىشچىلار دۆلىتى ۋە پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش ھەپتىلىكى» (1919- يىل 10 - ئاي) («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4 - توم، 78 - بەت).

بولشېۋىكلار كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالغان ۋاقىتتا يېڭىلمەس بولىدۇ — بۇنى بىر قانۇنىيەت دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەكسىچە، بولشېۋىكلار ئاممىدىن ئايرىلسا ۋە ئاما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يوقىتىپ قويسىلا، بيۇروكراتلىق كېسىلىنى يۇقتۇرۇۋالسىلا، ئۇلار ھەر قانداق كۈچتىن مەھرۇم بولۇپ قېلىپ، قۇرۇق رامكىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

«ستالىن ماقالىلىرىدىن تاللانما»، خەنزۇچە نەشرى، 1 - كىتاب، 147 - بەت.

پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، نېمە ئۈچۈن پارتىيە قۇدرەتلىك بولىدۇ؟ چۈنكى ئۇنىڭ ئەتراپىدا پارتىيىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان كەڭ پارتىيىسىز ئاكتىپلار بار. ئەگەر پارتىيىنىڭ ئەتراپىدا پارتىيىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان كەڭ پارتىيىسىز ئاكتىپلار بولمىسا، ئۇ مىليونلىغان ئىشچىلار سىنىپى ئاممىسىغا رەھبەرلىك

قىلىپ كۆرەش ئېلىپ بارالمايدۇ. ئەگەر بۇ ئاكتىپلارنىڭ ياردىمى بولمىسا، پارتىيە مىليونلىغان خەلق ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ. بۇ تۈپ رەھبەرلىك قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىرى.

«ستالىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 7 - توم، 198 - 199 - بەتلەر.

ئىشلىرىمىزغا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن، پەقەت ئۆزىمىزنىڭ تەجرىبىمىزگىلا، رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ تەجرىبىسىگىلا تايىنىش يېتەرلىك بولمايدۇ. توغرا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن پارتىيىلىك ئاممىنىڭ تەجرىبىسى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تەجرىبىسى، ئەمگەكچى ئاممىنىڭ تەجرىبىسى ئاتالمىش «كىچىك شەخس»لەرنىڭ تەجرىبىسى ئارقىلىق رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى تولۇقلاش كېرەك.

«ستالىن ماقالىلىرىدىن تاللانما»، خەنزۇچە نەشرى، 1 - كىتاب، 147 - بەت.

كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنى باشقا ھەر قانداق پارتىيىدىن پەرقلەندۈرىدىغان يەنە بىر روشەن بەلگە — ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئەڭ زىچ مۇناسىۋەت باغلاش. جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئاممىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلماسلىق؛ ھەممە ئىشتا شەخسنىڭ ياكى كىچىك گۇرۇھنىڭ مەنپەئەتىنى ئەمەس بەلكى خەلق مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇش؛ خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنىڭ بىردەكلىكى — بۇلار بىزنىڭ چىقىش نۇقتىمىز. كوممۇنىستلار ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشقا دائىم تەي-

يار تۇرۇشى لازىم، چۈنكى ھەر قانداق ھەقىقەت خەلق مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن؛ كوممۇنىستلار خاتالىقنى تۈزىتىشكە دائىم تەييار تۇرۇشى لازىم، چۈنكى ھەر قانداق خاتالىق خەلق مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس. 24 يىللىق تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى كۆرسەتتىكى، توغرا بولغانلىكى ۋەزىپە، سىياسەت ۋە خىزمەت ئىستىلى — ھەممىسى شۇ ۋاقىت ۋە شۇ جايدا ئاممىنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق كەلگەن بولىدۇ، ھەممىسى ئامما بىلەن باغلانغان بولىدۇ، خاتا بولغانلىكى ۋەزىپە، سىياسەت ۋە خىزمەت ئىستىلى — ھەممىسى شۇ ۋاقىت ۋە شۇ جايدا ئاممىنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق كەلمىگەن بولىدۇ، ھەممىسى ئاممىدىن ئايرىلغان بولىدۇ. دوگمىچىلىق، تەجرىبىچىلىك، بۇيرۇقچىلىق، قۇيرۇقچىلىق، مەزھەبچىلىك، بيۇروكراتلىق، تەكەببۇرلۇق خىزمەت پوزىتسىيىسىگە ئوخشاش ئىللەتلەر شۇنىڭ ئۈچۈن جەزمەن ناچار، جەزمەن يارىماسكى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن كىم مۇشۇنداق ئىللەتلەرگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولسا، جەزمەن تۈزىتىشى لازىمكى، بۇ ئىللەتلەر ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. بىزنىڭ قۇرۇلتىيىمىز پۈتۈن پارتىيىنى ھوشيار بولۇشقا ۋە ھەر بىر خىزمەت ھالقىسىدىكى ھەر بىر يولداشنىڭ ئاممىدىن ئايرىلىپ قالماسلىقىغا دىققەت قىلىشقا چاقىرىشى لازىم. ھەر بىر يولداشقا شۇنداق تەربىيە بېرىش كېرەككى، ئۇ خەلق ئاممىسىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئاممىنىڭ ئاۋازىغا ئىخلاس بىلەن قۇلاق سالىدىغان بولسۇن؛ بارغانلا يېرىدە شۇ جايدىكى ئامما بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولسۇن، ئۆزىنى ئاممىدىن يۇقىرى قويماستىن، بەلكى ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكىدىغان بولسۇن؛ ئاممىنىڭ ئاڭ - سەۋىيىسىگە ئاساسەن،

ئۇلارنىڭ ئىگىسى ئويغىتىدىغان ۋە ئۈستۈرىدىغان، ئامما چىن كۆڭلىدىن ئىختىيار قىلىش پرىنسىپى ئاستىدا ئاممىنىڭ پەيدىنپەي تەشكىللىنىشىگە ۋە شۇ ۋاقىت، شۇ جاينىڭ ئىچكى - تاشقى شارائىتى يار بەرگەن ھەممە زۆرۈر كۈرەشلەرنى پەيدىنپەي قانات يايدۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغان بولسۇن.

ماۋزېدۇڭ: «بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە» («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 - توم، 452 - 453 - بەتلەر).

ھەر بىر يولداشقا شۇنى چۈشەندۈرۈش كېرەككى، كوممۇنىستلارنىڭ بارلىق سۆز - ھەرىكەتلىرى ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ زور مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىشىنى، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشنى ئەڭ ئالىي ئۆلچەم قىلىشى لازىم. ھەر بىر يولداشقا شۇنى چۈشەندۈرۈش كېرەككى، بىز پەقەت خەلققە تايانساق، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادىي كۈچىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەنسەك، شۇنىڭ بىلەن خەلققە ئىشەنچ باغلاپ، خەلق بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتسەكلا، ھەر قانداق قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيمىز، ھەر قانداق دۈشمەنمۇ بىزنى بېسىپ چۈشەلمەيدۇ، بەلكى ھەر قانداق دۈشمەننى بىز بېسىپ چۈشىمىز.

ماۋ زېدۇڭ: «بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە» («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 - توم، 454 - 455 - بەتلەر).

بىز ئېنىق بىلىمىزكى، بىزنىڭ ئالغا بېسىش يولىمىزدا يەنە خىلمۇ خىل توسالغۇلار، خىلمۇ خىل قىيىن

چىلىقلار بولۇشى مۇمكىن، بىز بارلىق ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدە قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ۋە جان تالىشىشىغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك. لېكىن، بىز ماركسىزم، لېنىنىزم ئىلمىنى ئىگىلەپ، ئاممىغا ئىشىنىپ، ئامما بىلەن بىر يولدا مەھكەم تۇرالايدىغان ھەم ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئالغا باسالايدىغانلا بولساق، ھەر قانداق توسالغۇلاردىن ئۆتۈپ كېتەلىشىمىز ۋە ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىمىز تامامەن مۇمكىن، بىزنىڭ كۈچىمىز ــ تەڭدىشى يوق كۈچ.

ماۋ زېدۇڭ: «ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىمىز» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم، 275 - بەت).

بىزنىڭ نىشانىمىز ــ مەركەزلەشتۈرۈشمۇ، دېموكراتىيىمۇ بولغان، ئىنتىزاممۇ، ئەركىنلىكمۇ بولغان، ئىرادە بىرلىكىمۇ، شەخسلەرنىڭ كۆڭۈل ئازادىلىكى ۋە جانلىق ـ تېتىكلىكىمۇ بولغان مۇشۇنداق بىر خىل سىياسىي ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا پايدا يەتكۈزۈپ، قىيىنچىلىقلارنى ئاسانراق يېڭىپ، مەملىكىتىمىزدە زامانىۋى سانائەتنى ۋە زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى تېزرەك گۈللەندۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنى بىر قەدەر مۇستەھكەملەپ، خېيىم ـ خەتەرگە بىر قەدەر بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىش.

ماۋزېدۇڭ: «1957 - يىل ياز پەسلىدىكى ۋەزىيەت» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 5 - توم، 840 - بەت).

پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى ئاممىنىڭ ھەرىكىتىگە

ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇش، ھەربىر ھەرىكىتىمىزنى، ھەر- بىر كۆرىشىمىزنى رەھبىرىي كادىرلارغىلا بىلدۇرۇپ قالماي، بەلكى كەڭ ئاممىغىمۇ بىلدۇرۇشكە، ئىگىلىتىشكە ماھىر بولۇش — ماركسىزمچە - لېنىنىزمچە رەھبەرلىك سەنئىتى. خىزمىتىمىزدە خاتالىشىش - خاتالاشماسلىقنىڭ چېگرىسىمۇ مۇشۇ يەردە.

ماۋزېدۇڭ: «جىن - سۈي گېزىتى تەھرىرلىرى بىلەن سۆھبەت» («ماۋزې- دۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم، 382 - بەت).

بىز كومپارتىيە ئەزالىرى، مەيلى قانداق مەسىلە بولسۇن، ئامما بىلەن چوقۇم بىرلىشىپ كېتەلەيدىغان بو- لۇشىمىز كېرەك... بىز ئامما ئارىسىغا بېرىپ، ئاممىدىن ئۆگىنىشىمىز، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، تېخىمۇ ياخشى، تەرتىپلىك داۋلى ۋە چارىلەرگە ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن بۇلارنى يەنە ئاممىغا چۈشەندۈرۈشىمىز (تەشۋىق قىلىشىمىز) ھەمدە ئاممىنى بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا چاقىرىپ، ئاممىنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، ئاممىنى ئازادلىققا ۋە بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشىمىز كېرەك.

ماۋزېدۇڭ: «تەشكىللىنەيلى» («ماۋزې- دۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 - توم، 261 - 262 - بەتلەر).

بىزنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىمىزغا رەھبەرلىك قىلغۇچى يادرو — بىزنىڭ پارتىيىمىز... پارتىيىمىز 6 - ئايغىچە ئون مىليون 730 مىڭ ئەزاغا ئىگە بولدى. بۇ ئون مىل- يوندىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسىغا قارىتا كەڭ - كۆلەمدە

تەربىيە خىزمىتى، چۈشەندۈرۈش خىزمىتى، ئىتتىپاقلىق خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئۇلارنى خەلق ئىچىدە يادرولۇق رولىنى تېخىمۇ ياخشى ئوينايدىغان قىلىش لازىم. يالغۇز پارتىيىلا بولغان بىلەن كۆپايە قىلمايدۇ، پارتىيە — يادرو، ئۇ ئاممىغا ئىگە بولۇشى زۆرۈر. بىزنىڭ تۈرلۈك كونكرېت خىزمەتلىرىمىزنىڭ، ئائىلىۋىي، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، سودا، مەدەنىيەت ـ مائارىپ قاتارلىق خىزمەتلىرىمىزنىڭ 90 پىرسەنتىنى پارتىيىلىكلەر ئەمەس، بەلكى پارتىيىسىزلەر ئىشلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاممىا بىلەن ياخشى ئىتتىپاقلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ بىللە ئىشلەش كېرەك.

ماۋزېدۇڭ: «پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتەيلى، پارتىيىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلايلى» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 5 ـ توم، 537 ـ بەت).

پارتىيىمىزنىڭ بارلىق ئەمەلىي خىزمەتلىرىدە توغرا رەھبەرلىك ئاممىدىن ئېلىپ، ئاممىغا قايتۇرۇش بولۇشى لازىم. بۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئاممىنىڭ پىكرىنى (چېچىلاڭغۇ، سىستېمىسىز پىكىرلەرنى) مەركەزلەشتۈرۈپ (تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مەركەزلەشتۈرۈلگەن، سىستېمىلىق پىكىرلەرگە ئايلاندۇرۇپ)، يەنە ئاممىا ئىچىگە ئېلىپ بېرىپ، تەشۋىق قىلىپ، چۈشەندۈرۈپ، ئاممىنىڭ پىكرىگە ئايلاندۇرۇپ، ئاممىا قەتئىي ئىجرا قىلىدىغان ۋە ھەرىكەتتە كۆرسىتىدىغان قىلىش ھەمدە بۇ پىكىرلەرنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقىنى ئاممىنىڭ ھەرىكىتىدە سىناش لازىم. ئاندىن كېيىن يەنە ئاممىدىن مەركەزلەشتۈرۈپ، يەنە ئاممىغا قاي-

تۇرۇپ قەتئىي ئىجرا قىلىش لازىم. مۇشۇ تەقلىتتە چەكسىز تەكرارلىنىۋەرگەندە، بىر قېتىمقىسىدىن يەنە بىر قېتىمقىسى تېخىمۇ توغرا، تېخىمۇ جانلىق بولىدۇ، تېخىمۇ بېيىيدۇ. بۇ — ماركسىزمچە بىلىش نەزەرىيىسى.

ماۋزېدۇڭ: «رەھبەرلىك ئۇسۇلىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 3-توم، 196 - بەت).

كومپارتىيە ئەزالىرى ھۆكۈمەت خىزمىتىدە ئىنتايىن پاك بولۇشتا، ئۆز يېقىنلىرىنى ئىشقا تارتماسلىقتا، كۆپ ئىشلەپ ئاز ھەق ئېلىشتا نەمۇنە بولۇشى لازىم. كومپارتىيە ئەزالىرى ئاممىۋى ھەرىكەتتە ئاممىنىڭ باشلىقى ئەمەس، ئاممىنىڭ دوستى بولۇشى، بيۇروكرات سىياسەتۋاز ئەمەس، كىشىلەرگە هارماي - تالماي تەربىيە بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى بولۇشى لازىم. كومپارتىيە ئەزالىرى، قانداق ۋاقىت ۋە قانداق جايدا بولسۇن، شەخسىي مەنپەئەتنى بىرىنچى ئورۇندا قويماسلىقى، بەلكى شەخسىي مەنپەئەتنى مىللەتنىڭ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلىش، پاسسىپلىق - هورۇنلۇق قىلىش، خىيانەتچىلىك قىلىش — چىرىكلىشىش، شۆھرەتپەرەستلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار ئەڭ يىرگىنچلىكتۇر؛ شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلمەي ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش، ئاكتىپ - تىرىشچان بولۇش، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەش، ئۆزىنى كۆرسەتمەي جاپاغا چىداپ ئىشلەش روھىلا هۆرمەتكە لايىق. كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيە تېشىدىكى بارلىق ئىلغارلار بىلەن بىردەك ھەمكارلىشىپ،

پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ھەرخىل نا-
چار ئەھۋاللارنى تۈگىتىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

ماۋزېدۇڭ: «جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ مىللىي ئۇرۇشتىكى
ئورنى» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەر-
لىرى»، 2- توم، 951- 952- بەتلەر).

كوممۇنىستىك پارتىيە — مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ مەن-
پەئىتىنى كۆزلەيدىغان پارتىيە، ئۇنىڭدا ھەرگىز خۇسۇ-
سىي مەنپەئەتنى كۆزلەيدىغان غەرەز يوق. ئۇ خەلقنىڭ
نازارىتىدە بولۇشى، ھەرگىز خەلقنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ-
لىق قىلماسلىقى كېرەك. ئۇنىڭ ئەزالىرى خەلق ئاممىسى-
نىڭ ئارىسىدا تۇرۇشى، ھەرگىز خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈس-
تىدە تۇرماسلىقى كېرەك.

ماۋزېدۇڭ: «شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا
چېگرا رايونى سەنيىخۇيدا سۆزلەنگەن
نۇتۇق» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەر-
لىرى»، 3- توم، 30- بەت).

پارتىيىمىز ھازىر بىر قېتىم ئىستىل تۈزىتىش ھەرى-
كىتى ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئىستىل تۈزىتىش — تەن-
قىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد ئارقىلىق پارتىيە ئىچىدىكى
زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى، شۇنداق-
لا پارتىيە بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل
قىلىشنىڭ بىرخىل ئۇسۇلى. بۇ قېتىمقى ئىستىل تۈزىتىشتە
ئۈچ ئىستىل يەنى بيۇروكراتلىق، مەزھەپچىلىك ۋە سۇبيېك-
تىپچىلىق تۈزىتىلىدۇ. ئىستىل تۈزىتىش ئارقىلىق، پارتىيە-
مىزنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئەن-

ئەنىسنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئىنقىلاب غەلىبە قازانغانلىقتىن، بىر قىسىم يولداشلاردا ئىنقىلابىي ئىرادە ئاجىزلىشىپ قالدى، ئىنقىلابىي قىزغىنلىق پەسىيىپ قالدى، پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىز-مەت قىلىش روھى ئازىيىپ قالدى، ئىلگىرى دۈشمەن بىـلەن ئۇرۇش قىلغان چاغدىكىدەك پىداكارلىق روھى ئاـزىيىپ قالدى، ئورۇن - مەرتىۋە دەۋاسى قىلىش، نام شۆھرەت دەۋاسى قىلىش، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كې-چەككە بېرىلىش، مائاشنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى سېلىشتۇ-رۇش، نام - مەنپەئەت تالىشىشقا ئوخشاش نەرسىلەر كۆپىيىپ قالدى ... كوممۇنىستىك پارتىيە كۈرەش قىلىدۇ، يېرىم نىيەت، يېرىم ۋۇجۇدى بىلەن ياكى ئۈچتىن ئىككى نىيەت، ئۈچ-تىن ئىككى ۋۇجۇدى بىلەن ئەمەس، پۈتۈن نىيەت، پۈـتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئىنـقىلابىي ئىرادىسى ئاجىزلىشىپ كەتكەن كىشىلەر ئىستىل تۈزىتىش ئارقىلىق يېڭىباشتىن جانلىنىشى كېرەك.

بىز ئۆتكەنكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدىكىدەك ئاشۇنداق غەيرەتنى، ئاشۇنداق ئىنقىلابىي قىزغىنلىقنى، ئاشۇنداق پىداكارلىق روھىنى ساقلاپ، ئىنقىلابىي خىز-مەتنى ئاخىرغىچە ئىشلىشىمىز كېرەك.

يولداشلىرىمىز دىققەت قىلىشى كېرەككى، مەنسەپكە تايىنىپ، خىزمەت ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىغا تايىنىپ، ستاـژىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا تايىنىپ جان بېقىش يارىمايدۇ. ستاژىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا، كۆپ يىل ئىنقىلاب قىلغانلىقىغا كەلسەك، بۇ ئىستاژىڭمۇ تايانغۇچىلىكى بار، ئەمما شۇ-

نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تايىنىۋالماسلىقىمىز لازىم.
سىنىڭ ستاۋنىڭنىڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكى، بىرقانچە ئون يىل بولغانلىقى راست. بىراق، سەن كونىلەرنىڭ بىردە ئاز - تولا بولمىغۇر ئىش، قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلىپ قويساڭ، خەلق بەرىبىر سىنى كەچۈرمەيدۇ. سەن بۇرۇن ھەرقانچە ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولساڭمۇ، خىزمەت ئورنۇڭ ھەر قانچە يۇقىرى بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە ئىشنى ياخشى قىلماي، توغرا ھەل قىلماي، خەلققە زىيان يەتكۈزسەڭ، خەلق بۇنى ئەپۇ قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يولداشلىرىمىز ستاۋنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا تايىنىپ جان باقماي، مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىشقا تايىنىپ جان بېقىشى لازىم. توغرىلىقىغا تايىنىش، ستاۋغا تايانماسلىق لازىم. ستاۋغا تايىنىۋېلىش بىلەن جان باقىدىغان بولمايدىكەن، بولدى، ئۇنىڭغا تايانمايلا قوي، ھېچقانداق ئەھەل تۇتىمىغاندەكلا يۈرۈش، دېمەك، لويىلارچە گىدىيىۋالماي، تۆرىلەرچە گىدىيىۋالماي، كىبىرنى تاشلىۋېتىپ، خەلق بىلەن، تۆۋەن بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇش لازىم. بۇنىڭغا بىزنىڭ كادىرلىرىمىز دىققەت قىلىشى بولۇپمۇ كونا كادىرلىرىمىز دىققەت قىلىشى كېرەك.
(ماۋزېدۇڭ: «جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلايلى» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 5-توم، 771-، 774-، 776-، 777- بەتلەر).
ئىشنى كۆپ سانلىق كىشىلەر قىلىدۇ، ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ رولى چەكلىك بولىدۇ. ئاز سانلىق كىشىلەر-

نىڭ رولىنى يەلى رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ، كادىرلارنىڭ رو-
لىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك، بىراق، ئۇنچىۋالا چوڭ رو-
لى يوق، چوڭ رول ئوينايدىغىنى ــ يەنىلا ئامما. كادىر-
لار بىلەن ئامميىنىڭ توغرا مۇناسىۋىتى شۇنداقكى، كادىر
بولمىسىمۇ بولمايدۇ، لېكىن، ئىشنى كەڭ ئامما قىلىدۇ، كا-
دىر رەھبەرلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ، كادىرلارنىڭ
بونداق رولىنى كۆپتۈرۈۋەتمەسلىك كېرەك.

ماۋزېدۇڭ: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغى-
نىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» («ماۋزېدۇڭ
تاللانما ئەسەرلىرى»، 5- توم، 267 - بەت).

ئاممىنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىگە، يەر ۋە ئەمگەك
مەسىلىلىرىدىن تارتىپ ئوتۇن، گۈرۈچ، ياغ ۋە تۇز مە-
سىلىلىرىگىچە بولغان مەسىلىلەرگە قاتتىق دىققەت قىلىشىمىز
كېرەك... ئاممىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەنە شۇنداق مەسىلىلەر-
نىڭ ھەممىسىنى ئۆزىمىزنىڭ دائىملىق ئىشلار كۈن تەر-
تىپىگە قويۇشىمىز لازىم. بۇ ھەقتە مۇزاكىرە قىلىشىمىز،
قارار چىقىرىشىمىز، بۇ قارارلارنى ئىجرا قىلىشىمىز ۋە
ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشىمىز كېرەك. كەڭ ئامما بىز-
نىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىمىزنى،
ئۆزلىرى بىلەن ھەمنەپەس ئىكەنلىكىمىزنى چۈشىنىدىغان
بولسۇن. ئۇلار مۇشۇ ئىشلارنى كۆزدە تۇتۇپ، بىز ئوتتۇرى-
غا قويغان تېخىمۇ يۈكسەك ۋەزىپىنى ــ ئىنقىلابىي ئۇرۇش
ۋەزىپىسىنى چۈشىنىپ، ئىنقىلابنى ھىمايە قىلىدىغان، ئىن-
قىلابنى پۈتۈن مەملىكەتكە يايىدىغان بولسۇن، بىزنىڭ
سىياسىي چاقىرىقلىرىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ئىنقىلابنىڭ غەلىبى-

سى ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىدىغان بولسۇن.

ماۋزېدۇڭ: «ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلەيلى، خىزمەت ئۇسۇلىغا دىققەت قىلايلى» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1- توم، 253 - بەت).

تۆۋەنگە بېرىپ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش لازىم. مەن مەركەزدىكى يولداشلارنىڭ، ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىكى ۋە ھەرقايسى بۆلۈمدىكى ئاساسىي مەسئۇل يولداشلارنىڭ شۇنداق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاڭلىشىمچە، ھازىر نۇرغۇن مەسئۇل يولداشلار تۆۋەنگە چۈشمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ، بۇ ياخشى ئەمەس. مەركەزدىكى ئىدارىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي، بۇ يەردە ھېچقانچە بىلىم ئالغىلى بولمايدۇ. بىرەر بىلىمگە ئېرىشمەكچى بولىدىكەنسەن، ئۇنىڭغا ئىدارىدە ئولتۇرۇپ ئېرىشەلمەيسەن. بىلىم ھەقىقىي چىقىدىغان جاي ــ زاۋۇت، كوپېراتىپ، سودا دۇكانلىرى. زاۋۇتلارنى قانداق باشقۇرۇشنى، كوپېراتىپلارنى قانداق باشقۇرۇشنى، سودا دۇكانلىرىنى قانداق باشقۇرۇشنى ئىدارىدە تۇرۇپ بىلگىلى بولمايدۇ. يۇقىرى قاتلام بولغانسېرى بىر نېمە چىقمايدۇ. مەسىلىنى ھەل قىلاي دېسەڭ، چوقۇم ئۆزەڭ تۆۋەنگە چۈشۈشۈڭ ياكى تۆۋەندىكىلەرنى يۇقىرىغا تەكلىپ قىلىشىڭ لازىم. بىرىنچىدىن، تۆۋەنگە چۈشمەي، ئىككىنچىدىن، تۆۋەندىكىلەرنى يۇقىرىغا تەكلىپ قىلماي، مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. مەن ئۆلكىلىك، شەھەرلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىلىرىنىڭ بىر ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىلىقىنى ياكى بىرەر زاۋۇت ياكى مەكتەپ پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىنى قوشۇمچە

ئۈتمشىنى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجى، ناھىيلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىرىنىڭمۇ تۆۋەن دەرىجىلىك بىرەر ئورۇننىڭ شۇجىسىلىقىنى قوشۇمچە ئۈتمشىنى تەكلىپ قىلىمەن. شۇنداق قىلغاندا، تەجرىبە ھاسىل قىلىپ، ئومۇمىي دائىرىگە يېتەكچىلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئاما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاش لازىم. ئاممىدىن ئايرىلغان، بيۇروكراتلىق قىلغانلار جەزمەن دەككىسىنى يەيدۇ. ۋېنگرىيىنىڭ رەھبەرلىرى تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلمىدى، ئاممىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنمىدى، چوڭ چاتاق چىققاندىمۇ، يەنە ئۇنىڭ سەۋەبىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمىدى. ھازىر بىزدىكى بەزى بۆلۈملەر ۋە ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكى ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىنى چۈشەنمەيدۇ، بەزىلەر جىدەل چىقىرىش، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنى زادى بىلمەيدۇ، ۋەقە چىققاندىن كېيىن، تەمتىرەپ قالىدۇ. بىز بۇنىڭدىن چوقۇم ئىبرەت ئېلىشىمىز لازىم. مەركەزدىكى يولداشلار، ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايوندىكى، ھەرقايسى بۆلۈملەردىكى ئاساسىي مەسئۇل يولداشلار بىر يىلدا مەلۇم ۋاقىت چىقىرىپ، زاۋۇت، كوپېراتىپ، سودا دۇكىنى، مەكتەپ قاتارلىق ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا بېرىپ تۇرۇشى، تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىپ، ئاممىنىڭ ئەھۋالىنى قانداقلىقىنى، ئىلغارلار، ئوتتۇرىدىكىلەر، قالاقلارنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، ئاممىۋى خىزمىتىمىزنىڭ قانداق ئىشلىنىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىشى، كۆڭۈلدە سان بولۇشقا يېتىشى لازىم. ئىشچىلار سىنىپىغا يۆلىنىش، كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارغا يۆلىنىش، ئىلغارلارغا يۆلىنىش لازىم، ھەر ھالدا بىر يۆلەنچۈك بولۇش لازىم. شۇنداق

بولغاندىلا، ئاندىن ۋېنگرىيە ۋەقەسىدەك ۋەقەنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ماۋزېدۇڭ: «ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىلىرى يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 5- توم، 657 - 659 - بەتلەر).

كادىرلىرىمىز ئىچىدە، ئۆزلىرىنىڭكىنى راست دەۋالىدىغانلار ئاز ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى، ئۇلار ماركسىزملىق بىلىش نەزەرىيىسىنى ئۇقمايدۇ. شۇڭا بۇ خىل بىلىش نەزەرىيىسىنى ئاۋارىچىلىقتىن قورقماي تەشۋىق قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئاممىدىن ئېلىپ، ئاممىغا قايتۇرۇش كېرەك. قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، ئۇزاق مۇددەت نۇقتىدا تۇرغاندا، ئاندىن ئاممىنىڭ سادىسىنى ئاڭلىغىلى، تەدرىجىي ھالدا ئەمەلىيەتتىن ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى بىلىپ، ئۇنى سۇبيېكتىپ ھەقىقەتكە ئۆزگەرتكىلى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئەمەلىيەتكە قايتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئېنىق - ئاقماسلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەگەر ئاقمىسا، قايتىدىن ئاممىنىڭ ئەمەلىيىتىگە مۇراجىئەت قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا رامكا مەسىلىسىنى يەنى دوگماتىزم مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى، خۇراپىيلىققا ئىشەنمىگىلى بولىدۇ.

ماۋزېدۇڭ: «ئاممىنىڭ ئەمەلىيىتىگە مۇراجىئەت قىلىش كېرەك» («ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، خەنزۇچە نەشرى، ئىككىنچى كىتاب، 844 - بەت).

## ئۈرۈمچى شەھرىنى ئىككىدە نەمۇنە شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە ئىككىدە نەمۇنە ناھىيە دەپ نام بېرىش يىغىنىدا

## يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ سۆزلىگەن سۆزى

(1990 - يىل 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى)

يولداشلار:

بۈگۈن ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى داغدۇغىلىق ھالدا، ئۈرۈمچى شەھرىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ھەربىي - خەلق ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنە شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ھەربىي — خەلق ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنە ناھىيە دەپ نام بېرىش يىغىنىنى ئاچتى. مەن بۇ يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان ھەر مىللەت ۋەكىللىرىدىن سەممىي ھال سورايمەن ھەم ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن! ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت كادىرلاردىن، ھەر مىللەت خەلقتىن، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى

دىن، بىڭتۈەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ھەر مىللەت كادىرلاردىن، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن سەممىي ھال سورايمەن ھەم ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن!

1982 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇنجى قېتىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ پارتكوملىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەربىي - خەلق ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئىنچىكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ھەربىيلەر بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى قويۇقلاشقان ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللەندى، بۇ، پۈتۈن ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى كۈچلۈك يۈكسەلدۈردى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى، نەتىجىدە ئۈرۈمچى ناھىيىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ھەربىي - خەلق ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنە ناھىيىگە ئايلاندى. مەن ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىنىڭ غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەربىي - خەلق ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئۇنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۈرۈمچى شەھىرى — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار، مەدەنىيەت ۋە قاتناش مەركىزى. شۇڭا ئۈرۈمچى شەھىرىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەر-

بىي - خەلق ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنە شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ھەربىي - خەلق ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرىدىن، ھەر مىللەت خەلقتىن، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەربىي - خەلق ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى داۋاملىق تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنى تېزلىكتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ھەربىي - خەلق ئىتتىپاقلىقىدا قوش نەمۇنە شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

مۇقىملىق — ئىنتايىن مۇھىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، دېگەنىدى. بۇ، مۇقىملىقنىڭ مۇھىملىقىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىنىشى. دېمىسىمۇ شۇنداق، مۇقىملىق بولمىسا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغىلى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي - مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ياخشىلىغىلى بولمايدۇ. شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى — مۇقىملىقنىڭ ئاچقۇچى، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولمىسا، مۇقىملىق بولمايدۇ. شۇڭا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئىنتايىن مۇھىم.

بىز مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى قەتئىي، ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاق-

لىق، ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئاساسىدىكى يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشىمىز، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ياخشىلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئوبيېكتىپ مەۋجۇت. بۇنى ئۆزۈندىن بۇيانقى تارىخ ئىسپاتلىغان، يېقىندا بارىندا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. مىللىي بۆلگۈنچىلىك شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ. ئۇنىڭ زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر. ئۇ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. بۇ يىل 5 - ئاي 8 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى، بۇ ئايدا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، مىللىي سىياسەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىقاتىنى كەڭ، چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت كادىرلارنىڭ ۋە خەلقىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. مىللىي بۆلگۈنچىلەر شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشنى تەرغىپ قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇپ، شىنجاڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئايرىپ چىقىشنى مەقسەت

قىلىدۇ. بىز مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشتىن ئىبارەت جىنايى قىلمىشلىرىنى قەتئىي تەنقىد قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشىمىز لازىم. تارىخ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىرلىككە كەلگەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇپ سوتسىيالىزم يولىغا ماڭغاندىلا، بۇگۈنكىدەك بەختلىك تۇرمۇشقا ۋە كەلگۈسى پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولالايدىغانلىقىنى، ئەگەر شىنجاڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئايرىپ چىقىپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرغاندا، شىنجاڭدا ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىق ئەسلىگە كېلىپ، شىنجاڭ جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇگۈنكىدەك بەختلىك تۇرمۇشى ۋەيران بولۇپ، ئەتىكى پارلاق ئىستىقبالى قولدىن كېتىپ قالىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭدا مىللىي مۇستەقىللىق، مىللىي ئۆچمەنلىك توغرىسىدا جار سېلىنىپ، دىندىن پايدىلىنىپ يات دىندىكىلەرگە، دىنغا ئىشەنمەيدىغان ھەر مىللەت خەلقىگە قارشى تۇرۇلدى، بولۇپمۇ خەنزۇلارغا غالجىرلىق بىلەن ئۆچمەنلىك قىلىندى، قارشى تۇرۇلدى. بىز مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئەكسىلئىنقىلابىي داۋراڭلارنى تەنقىد قىلىشىمىز، ئۇنىڭغا زەربە بېرىشىمىز، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشىمىز لازىم. كىملەر بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، كىملەر ئۆز ئادىمىمىز، بۇنى ئوخشاش

مىللەت، ئوخشاش بولمىغان مىللەت ئىككەنلىكىگە قاراپ ئايرىشقا بولمايدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلىقىغا قاراپ ئايرىشقىمۇ بولمايدۇ. بەلكى ئۇلارنى پارتىيىگە قارشى تۇرغانلىقى ياكى پارتىيىنى ھىمايە قىلغانلىقى، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرغانلىقى ياكى سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلغانلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلىغانلىقى ياكى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغانلىقى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى ياكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغانلىقىغا قاراپ ئايرىش كېرەك. پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلىغان، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىكى ئادەملەر بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغانلىكى كىشىلەر ئۆز ئادىمىمىز. بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنى دۈشمەن، دەپ قارىسا بولمايدۇ. مەيلى قايسى مىللەت بولسۇن، ھەر مىللەت خەلقى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنىڭ ھەممىسى قېرىنداشلار، ئۆزئا دەملىرىمىز. ئۇلار پارتىيە رەھبەرلىكىدە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چوڭ ئائىلىسىدە، سوتسىيالىزم يولدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇردى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىنتايىن ياخشى خەلق. ئۇلار كوممۇنىستىك پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدۇ. مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىنتايىن ئاز ساندا،

ئۇلار پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىدۇ. ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، بۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە ۋە تۈپ مەنپەئىتىگە خىلاپ، كىشىلەر كۆڭلىگە ياقمايدۇ. ھەر مىللەت خەلقى بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيىقەستلىرى ئىشقا ئاشمايدۇ، مۇقەررەر ھالدا مەغلۇپ بولىدۇ. بىزنىڭ پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىشىمىز، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشىمىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە ۋە تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن ھەققانىي ئىش. ھەققانىي ئىش جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ.

# يولداش سۇڭ خەنلياڭنىڭ سۆزلىگەن سۆزى

(قىسقارتىلمىسى)

يولداشلار!

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 8 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئايى ئەمدىلا باشلانغان پەيتتە ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ناھىيە، دەپ نام بېرىلدى. بۇ ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت ئارمىيە - خەلقىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى بىر چوڭ ئىش، شۇنداقلا پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ شان - شەرىپى. بۇ 90 - يىللاردىكى تۇنجى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئايى ئۈچۈن ھۆسن قوشتى. ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە مۇنداق نامنىڭ بېرىلىشى ئۈرۈمچى رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى ئىشلىرىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشتا چوقۇم ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرى شىنجاڭنىڭ مەركىزى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھەرلىك

پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمى-
يە - خەلق ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت
بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاق-
لىقىنى باشتىن - ئاخىرغىچە ئالدىنقى قاتاردىكى چوڭ
ئىشلار قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، شەھەر دائىرىسىدە ماركس-
زملىق مىللەت قارىشى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كەڭ قانات يايدۇردى.
«خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز
سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ» ئىدىيىسى
كىشىلەر قەلبىدىن بارغانسېرى چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، ھەر
مىللەت كادىرلىرى، خەلق ئاممىسى ۋە كەڭ كوماندىر -
جەڭچىلەرنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاق-
لىقىنى قوغداش ئاڭلىقلىقى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. ئۆتكەن
يىلى ئەتىياز - ياز ئارىلىقىدىكى مالىمانچىلىقنى چەكلەش
ۋە «19 - ماي» ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەسىنى تىن-
چىتىش داۋامىدا ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت خەلقى مەي-
دانى قەتئىي، بايرىقى روشەن ھالدا مالىمانچىلىققا، بۇر-
ژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمى-
يە - خەلق ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق
سۆز - ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، يۈكسەك سىياسىي
ئاڭنى ئىپادىلەپ، مەركىزىي شەھەرنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق
سىياسىي ۋەزىيىتىنى ساقلاشقا زور تۆھپە قوشتى. ھازىر
ئۈرۈمچى شەھىرىدە جەمئىيەت تىنچ بولۇپ، ئىقتىساد
تەرەققىي قىلىپ، شەھەر مەمۇرىي قۇرۇلۇشى كۈندىن -
كۈنگە يېڭىلىنىپ، بازارلار ئاۋاتلىشىپ، ھەر مىللەت خەل-
قى خاتىرجەم بولۇپ، ھەممە يەردە خۇشال مەنزىرە بار-

لىققا كېلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە ـ خەلق
ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىلىك شەھەر قۇرۇشقا پۇختا
ئاساس يارىتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىلەرنىڭ
تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ بۇ نىشاننى تېزدىن ئەمەلگە
ئاشۇرۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ.

نۆۋەتتە، مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، بىز-
نىڭ بارلىق خىزمەتلىرىمىز بۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن
ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە ـ خەلق ئىتتىپاقلىقى خىز-
مىتىنى ياخشىلاش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋەزىيىتىنى
مۇقىملاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ يىل 5 ـ ئاپرېل، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاقتۇ
ناھىيىسىدىكى بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابى قوراللىق
توپىلاڭ يۈز بەردى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى
ئۇنسۇرلار دىنىي پائالىيەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ
كومپارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا ئاشكارا قارشى چىقىپ، ۋەتەن-
نىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇز-
غۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇندى. بۇ ۋەقە سەلبىي جەھەتتىن
بىزگە شۇنى يەنە بىر قېتىم ئۇقتۇردىكى، ۋەتەننىڭ بىرلى-
كىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە چو-
قۇم ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇن-
چىلىق قىلىدىغان قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇش، چوقۇم
دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قەتئىي
تەۋرەنمەستىن قارشى كۆرەش قىلىش لازىم.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىنكى مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقى تەربىيىسىدە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇ-

رۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش تەر-
بىيىسىنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىم. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي
ئەھۋالىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلى-
رى ۋە ئاممىغا قارىتا گەۋدىلىك ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلى-
كىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش تەر-
بىيىسى ئېلىپ بېرىش لازىم. ھەر مىللەت كادىرلىرى
ۋە ئاممىسىغا «شەرقىي تۈركىستان» مۇستەقىللىق بايرى-
قىنى كۆتۈرۈۋالغان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچى
كۈچلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان-
لىقىنى ئېنىق تونۇش لازىم. بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىل-
ئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ بىر مەيدان كەسكىن سى-
نىپىي كۈرەش. بىز بۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىشىمىز، بارىن يې-
زىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى ئەينەك
قىلىپ، ھەممە ۋاقىت دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، ھەممە
ۋاقىت تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشىمىز، ئۇچۇر-
لارنى ۋاقتىدا ئىگىلىشىمىز، تۈرلۈك مۇداپىئە خىزمەتلىرىنى ياخ-
شى ئىشلىشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ئارمىيە-خەلق ئىتتى-
پاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پار-
چىلايدىغان تىنچسىز ئامىللارنى بىخ ھالىتىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋې-
تىشىمىز لازىم. بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا سەگەك مېڭە بول-
غاندىن سىرت، يەنە جاپالىق، ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەشكە
توغرا كېلىدۇ. پارتىيە ئەزالىرى، ھەر دەرىجىلىك كادىر-
لار، بولۇپمۇ، رەھبىرىي كادىرلار پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشقا
جۈرئەت قىلىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان سۆز-ھەرى-
كەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىشى لازىم. چوڭ

ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرىدە بايرىقى روشەن، مەيدانى قەتئىي بولۇپ، مۇجمەل بولماسلىق ۋە قەتئىي مۇرەسسە قىلماسلىق لازىم. ھالقىلىق پەيتلەردە كەسكىن، قەتئىي بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇپ، توغرا ئىشلارنى قوللاپ، يامان ئىشلارنى چەكلەش، ھەققانىي، پايدىلىق ۋە قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا، بۇزغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا زەربە بېرىشكە جۈرئەت قىلىشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايە قىلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكىلى، ھەقىقىي ئىتتىپاقلىقنى قولغا كەلتۈرگىلى، شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تىنچ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە ـ خەلق ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، يەنە پارتىيىنىڭ تۈرلۈك مىللىي سىياسەتلىرى ۋە دىنىي سىياسەتلىرىنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا، ئىزچىل ئىجرا قىلىش داۋامىدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سولچىللىقمۇ، ئوڭچىللىقمۇ قارشى تۇرۇش لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق. لېكىن يەنە بىر قىسىم مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بولۇپمۇ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشتا ئاز بولمىغان يۇچۇقلار ساقلاندى. غەيرىي قانۇنىي ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە زەربە بېرىش كۈچلۈك بولماي، بىر قىسىم يامان نىيەتتىكى كىشىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كەتتى. بىز چوقۇم تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ،

كۆچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتـ
لەرنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىلـ
لە، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ۋە دىنىي پائالىيەتلەرـ
نى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى
قىلدۇرۇپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائاـ
لىيەتلەرنى ياخشى باشقۇرۇشىمىز لازىم.

يولداشلار، بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلـ
شى ئۈرۈمچى رايونىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە ـ
خەلق ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كىرگەنلىـ
كىنى، يېڭى سەھىپە ئېچىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. سىلەرنىڭ
يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئۆتكەن يىلى خوتەندە ئوتتۇرىغا
قويغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈشـ
تىكى ئون ماددىلىق تەلىپىگە ئاساسەن مىللەتلەر ئىتتىپاقـ
لىقى، ئارمىيە ـ خەلق ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدە تېخىمۇ
ياخشى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تىنچ بولۇپ،
گۈللەپ ـ ياشىنىشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇـ
شىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

(بېشى 40 ـ بەتتە)

لارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشىمىز،
ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار
بېرىش، ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرـ
پا قىلىش پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ھەر
مىللەت خەلقىگە ئارمىيىنى قىزغىن سۆيۈش، ھىمايە قىلىش،
قوللاش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، ئارمىيە ـ خەلق ئىتـ
تىپاقلىقىنى ياخشىلىشىمىز كېرەك.

## يولداش تۆمۇر داۋامەتنىڭ سۆزلىگەن سۆزى

(قىسقارتىلمىسى)

يولداشلار:

ئۈرۈمچى، شەھىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى، شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. بىز ئۈرۈمچى شەھىرىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپلا قالماي، يەنە ئۈرۈمچى شەھىرىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. بۇ، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈمىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئامما مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇگۈن شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەت بۇ يەردە «ئىككىدە نەمۇنە شەھەر» بەرپا قىلىش ھەققىدە سەپەرۋەر قىلدى ھەمدە «ئىككىدە نەمۇنە شەھەر» بەرپا قىلىش توغرىسىدا قارار چىقاردى. بۇ شۇبھىسىز ھالدا پۈتۈن شەھەرنىڭ مىل-

لەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى ئۈچۈن ئىنتايىن زور بىر تۈرتكە بولىدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى كارخانا - كەسپىي ئورۇنلار ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەرقايسى ئورۇنلىرى پائال قوللاپ ماسلىشىشى، ھەممە بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، بىر تۇتاش ھەرىكەتكە كېلىپ، 1992 - يىلىدىن بۇرۇن ئۈرۈمچى شەھىرىنى «ئىككىدە نەمۇنە شەھەر» قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى كېرەك.

نۆۋەتتە، مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان چوڭ ۋەزىيەت. شۇڭا تۆۋەندىكى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ئىنچىكە ھالدا بوشاشماستىن چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك:

1. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش. سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئەڭ ئاساسلىقى ئىزچىل تۈردە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. بۇ مەسىلە دۆلەتنىڭ تەقدىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا قىلچە بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ.

ئۆتكەن يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار خەلقئارادىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر بىلەن ماسلىشىپ، دىننى باھانە قىلىپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كومپارتىيە رەھبەرلىكىنى ئاغدۇرۇپ، سوتسىيالىزمنى بىت-چىت قىلىپ، دۆلىتىمىزنى بۆلۈۋېتىشكە ئۇرۇنماقچى بولدى.

بۇ ئۈچ ئاساسىي پرىنسىپنىڭ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش
بىلەن بولغان قارىمۇ قارشىلىقىنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى
ئىپادىسى. يېقىندا بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقە دەل
ئاشۇ ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ
ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن تىل بىرىكتۈ-
رۈپ، تەيپارتىماستىن ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق
تەشكىللىك، پىلانلىق، قەستلىك بولغان ئەكسىلئىنقىلابىي
قوراللىق توپىلاڭ بولۇپ، ئۇلار تىغ ئۇچىنى بىۋاستە
پارتىيە ۋە سوتسىيالىزمغا قارىتىپ، ئاتالمىش «شەرقىي
تۈركىستان» قۇرىمىز دەپ جار سالغان. بۇ شىنجاڭنىڭ
مۇقىملىقىغا تەھدىت سالىدىغان ئاساسىي خەۋپنىڭ بۆلگۈن-
چىلىكتىن كېلىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.
ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر بۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىشى، سى-
نىپىي كۈرەشنىڭ خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىچىدە يە-
نىلا مەۋجۇت بولۇپ، بەزىدە ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كې-
تىشى مۇمكىنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشى، خاتىرجەم
شارائىتتا تۇرغاندا خەۋپ - خەتەرنىمۇ ئويلىشى،
ئىدىيە، تەشكىلىي ۋە ماددىي جەھەتلەردىكى
تەييارلىقنى ياخشى ئىشلەپ، ھەر ۋاقىت يۈز بېرىش مۇم-
كىن بولغان تۇيۇقسىز ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇشى كېرەك.
ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنى بۆلگۈنچىلىككە قارشى
كۈرەشنىڭ مىللىي مەسىلىمۇ، دىنىي مەسىلىمۇ بولماس-
تىن، بەلكى بىر مەيدان كەسكىن سىنىپىي كۈرەش، سىيا-
سىي كۈرەش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشى ھەققىدە تەربى-
يىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

2. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ھەققىدىكى تەشۋىقات

ۋە تەلىم - تەربىيىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-
نى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چىڭىتىش. نۆۋەتتىكى مۇ-
رەككەپ ۋەزىيەت ئاستىدا، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قا-
راتمىلىقى بولغان ھالدا ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئامما
ئارىسىدا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىدىن قايتا تەربىيە
ئېلىپ بېرىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيىنىڭ
مىللىي سىياسىتىنى ماركسىزملىق ئاساس نەزەرىيىسى تەر-
بىيىسى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى تەربىيىسى، ۋەتەن-
پەرۋەرلىك تەربىيىسى، «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش»كە قارشى
تۇرۇش تەربىيىسى، دېموكراتىيە ۋە قانۇن - تۈزۈم تەربى-
يىسى ۋە دۆلەت ئەھۋالى، رايون ئەھۋالى قاتارلىق تەربى-
يىلەر بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى
ۋە ئاممىغا تار مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنى يېڭىپ، «ئىككى
ئايرىلالماسلىق» ۋە «بەش ئۆزئارا» ئىدىيىنى پۇختا تۇر-
غۇزۇپ، ئۆز مىللىتىنى قىزغىن سۆيۈش بىلەن بىللە باش-
قا مىللەتلەرنى، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى
توغرا بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش، مىللەت-
لەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاڭلىق ياخشىلاش ۋە ئاسراش كېرەك.
بولۇپمۇ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا بولغان
تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ماركسىزملىق مىللەت نۇقتىئىنەزە-
رىنى تۇرغۇزۇپ، پارتىيىۋىلىك ۋە پارتىيە مەيدانىدا چىڭ
تۇرۇپ مىللىي مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

3. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغ-
را ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش خىز-
مىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيىنىڭ
دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىل-

لاشتۇرۇپ دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش شىنجاڭنىڭ چوڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى پۈتۈنلەي ئىدىيىۋى ئېتىقاد مەسىلىسى بولۇپ، سىياسىي مەسىلىگە چېتىلمايدۇ. ھەربىر پۇقرا پەقەت پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىپ دۆلەتنىڭ قانۇن، ئەمر ـ پەرمانلىرىغا، سىياسەتلىرىگە بويسۇنۇش شەرتى ئاستىدا، ئوخشاش بولمىغان ئىدىيىۋى ئېتىقاد بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ. بۇ، چوقۇم ئۆز ئىختىيارلىقى ئاساسىغا قويۇلۇشى، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلاشقا، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنى ئېتىقاد قىلىشقا زورلاشقا بولمايدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىش نامى بىلەن ھەر قانداق سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بۈنىڭغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ دىنىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۇردە كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتىنى توغرا چۈشىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى قاتلام دىنىي ۋەتەنپەرۋەر زاتلار بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ شىنجاڭنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

4. ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك مىللىي

مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ماددىي ئاساسى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر مۇقىملىقنى ۋە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنى، كىشىلەر قەلبىنى مۇقىملاشتۇرۇش، جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسىي ۋەزىيەت دەپ قاراپ جايلارنىڭ ئۆز ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىپ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ، ئورتاق بېيىشىنى تېزدىن ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بىز ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈپ، بىر قەدەر قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي گەۋدىگە ۋە تىنچ - ئىتتىپاق ۋەزىيەتكە ئىگە بولغىنىمىزدىلا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ بولۇشىدىن، ئاز سانلىق دۈشمەن ئۇنسۇرلارنىڭ مالىمانچىلىق پەيدا قىلىشىدىن قورقمايمىز.

5. خەلق ئارمىيىسىنى قىزغىن سۆيۈش، ھىمايە قىلىش ۋە قوللاش ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇش، چېگرا رايوننى قوغداشتىكى كۈچلۈك سۇشۇن، شۇنداقلا پارتىيىگە سادىق، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە جان - دىل بىلەن خىزمەت قىلىدىغان قوشۇن. بىز جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇۋېلىشىمىز، قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ قوللىشىمىز، قىسىم

(ئاخىرى 34 - بەتتە)

يۇقىرىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى:

## جايلار بۇ يىلقى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتىنى ھەقىقىي يوسۇندا ياخشى ئېلىپ بېرىشى لازىم

ژۇرنىلىمىز خەۋىرى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 4-ئاينىڭ 28-كۈنى 8-قېتىملىق «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنداق دېيىلىدۇ: 1982 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ھەر يىلى 5 - ئاينى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» قىلىشنى قارار قىلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۇدا يەتتە يىل 5 - ئايدا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مەركەزلىك ھالدا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، مىللىي سىياسەتنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى مەركەزلىك ھالدا تەكشۈرۈپ، ھەر يىلى 5-ئاينى تۇتۇپ، 5 - ئاينى پۈتۈن يىللىق ئىشلارغا تۈرتكە قىلىپ،

مەركەزلىك تەربىيە بىلەن دائىملىق تەربىيىنى بىرلەشتۈ-
رۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىنچ -
ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى راۋاجلاندۇردى. ئەمە-
لىيەت «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى ئېيى» پائالىيىتىنى
قانات يايدۇرۇش مىللەتلەر خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر
راۋاجلاندۇرۇشتىكى ياخشى شەكىل ئىكەنلىكىنى، ئۇنى
قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش لازىملىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ يىل
5 - ئاي — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 8-قېتىملىق «مىللەت-
لەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى»، شۇڭا تەربىيىنى
بۇرۇنقى يىللاردىكىدىنمۇ كەڭ، چوڭقۇر، پۇختا، ئۈنۈملۈك
ئېلىپ بېرىش لازىم.

(1) بۇ يىلقى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى»
پائالىيىتى ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭدا
مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىنتايىن مۇرەككەپ
ۋەزىيەتكە ئاساسەن، مۇقىملىقنى ساقلاشنى ھەممىنى
بېسىپ چۈشىدىغان ۋەزىپە قىلىش لازىم. مىللىي
بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ
ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا
كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. ھازىر ئاپتونوم رايونى-
مىزنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ياخشى، مىللەتلەر ئىتتىپاق
ئۆتمەكتە، جەمئىيەت مۇقىم بولماقتا، ئىقتىساد راۋاجلان-
ماقتا، خەلق خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلماقتا. لېكىن مەملى-
كەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلىك پىكىر ئېقىمىنىڭ تە-
سىرى ۋە باشقا بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزى مۇقىمسىزلىق

ئامىللىرىمۇ ساقلانماقتا. مىللىي بۆلگۈنچىلىك شىنجاڭنىڭ مۇ-
قىملىقىغا تەھدىت سالىدىغان ئاساسىي خەۋپ، ھازىر، خەلقئارا
ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتتە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋات-
قان ئەھۋالدا، بۇنداق بۆلگۈنچىلىك ئاجىزلاشمىدى، بەلكى
تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ. يېقىندا ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ
بارىن يېزىسىدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىلئىنقىلابچى-
لار دىنىي تونىغا ئورۇنىۋېلىپ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرى-
يىتى» قۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ھەقىقىي ئەھ-
ۋالنى چۈشەنمەيدىغان بەزى ئاممىنى ئالداپ ۋە قورقىتىپ،
ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغ-
دۇرۇش مەقسىتىدە ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ قوز-
غىدى. بۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شىنجاڭدا ئا-
ساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىكتىن كېلىدۇ، دېگەن تەھ-
لىلىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇنىڭ
ئۈچۈن، بۇ يىلقى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئې-
يى»دا پارتىيە 13- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6- ئو-
مۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى، باش شۇجى جياڭ زېمىن، لى پېڭ
زۇڭلىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى-
نىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ
چۈشىدۇ، دېگەن ئىدىيىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىر-
لىكىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش،
مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قى-
لىپ، بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپى-
لاڭ ۋەقەسىنى سەلبىي دەرسلىك قىلىپ، ھەر مىللەت كا-
دىرلىرى، ئاممىسىغا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش،
بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، ۋەتەنپەر-

ۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇش، «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش»كە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا بايرىقى روشەن هالدا كەڭ، چوڭقۇر، تەشۋىق ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، كادىرلار، زىيالىيلار ۋە ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى جەھەتتىكى بەزى تۈپ مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق هەل قىلىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش خىزمىتىنى تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش لازىم.

(2) بۇ يىلقى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتىدە، يەنىلا ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتلارنى پەرقلەندۈرۈش، قاتلاملار بويىچە ئۆگىنىشكە تەشكىللەش ئاساسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم.

1 . هەر مىللەت كادىرلىرىنى، بولۇپمۇ هەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزۈپ چىققان «ۋەتەنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىدىن تاللانما»نى ۋە بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭغا دائىر ماتېرىياللارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە، ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىستىل تۈزىتىش روھى بويىچە ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىش، زىددىيەتتىن قاچماي ۋە زىددىيەتنى يوشۇرماي، بەزى تۈپ مەسىلىلەرنى: مەسىلەن، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ شىنجاڭدىكى

ئاساسىي خەۋپ ئىكەنلىكىنى، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئېغىرلىقى، خەۋپى ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى؛ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش، پان ئىسلامىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ خەۋپى، شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن بۇيان ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكى؛ خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى؛ خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشنىڭ مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغاش، مىللىي قارىمۇ قارشىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئىكەنلىكى، شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى ئېچىش، مىللىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىگە پايدىلىق ئىكەنلىكى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق ھەل قىلىش لازىم. ئۆگىنىش ئارقىلىق تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن بىرلىكتە تۆھپە قوشۇش لازىم.

2. ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو، تېلېۋىزىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى تارماقلىرىدىكى زىيالىيلارنى نىشانلىق ھالدا ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ۋاقىتقا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇسۇلغا ئەھمىيەت بېرىپ مىللىي مەسىلە ،مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتىكى ئىدىيە - نەزەرىيە ساھەسىگە ئائىت بەزى چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھەل قىلىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سۈپەتلىك، سەۋىيىلىك ماقالە، دوكلات، لېكسى-

بىلەرنى ئۆيۈشتۈرۈپ، بەزى مۇجمەل تونۇش ۋە خاتا قاراشلار-نى بىر-بىرلەپ ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىش، ئۆزىنىڭ ئىددىيىۋى، نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، شۇنداقلا بۇ مۇجمەل تونۇش، خاتا قاراشلارنىڭ ئاما ئارىسىدىكى تەسىرىنى تازىلاش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكا-دېمىيىسى بۇ يىلقى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى»دا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا بەزى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە دوكلات يىغىنلىرىنى ئۆيۈشتۈرۈشى لازىم.

3. ھەرقايسى مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر، دېھ-قانلار، چارۋىچىلار، بولۇپمۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە، ئا-ساسلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈن-چىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا ئىجابىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم. بۇرۇنقى ئىشلار بىلەن يېڭى ئەھۋاللارنى سېلىشتۇرۇش ئار-قىلىق، ھەر مىللەت ئاممىسىغا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى؛ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش لازىم. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مۇقەددەس بۇرچى. ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە

مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسىدە،
ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئاممىسىنىڭ بايرىقى
روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم بولۇشى، مىللەتلەرنىڭ ئىتـ
تىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى
پارچىلايدىغان بارلىق سۆز ـ ھەرىكەتلەرگە قارشى ئاڭلىق
كۈرەش قىلىشى لازىم.

يولداش ۋاڭ ئېنماۋ بۇلتۇر 12 ـ ئايدا خوتەن ۋىـ
لايىتىدە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا سۆز قىلغانـ
دا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى مىلـ
لەتلەر خىزمىتى تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ، بۇنىڭدىن كېيىن
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش
توغرىسىدا ئۇن تۆرلۈك تەلەپ قويغانىدى. بۇ يىلقى
«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتى داۋاـ
مىدا ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا ئۇن تۆرلۈك
تەلەپ بويىچە تەربىيە ئېلىپ بېرىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقـ
لىقى خىزمىتىنى ئۇن تۆرلۈك تەلەپ بويىچە تەكشۈرۈپ،
ئۇن تۆرلۈك تەلەپنى ھەممە ئائىلە، ھەممە كىشىگە بىلدۈـ
رۈش، ئۇنىڭغا ھەممە ئادەم رىئايە قىلىدىغان بولۇشى لازىم.

4. بۇرۇنقىدەك خىلمۇ خىل شەكىلدىكى ئاممىۋى ئۆـ
زىنى ئۆزى تەربىيىلەش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش
لازىم. ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئۆزئارا تىل ـ يېـ
زىق ئۆگىنىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا كۆيۈـ
نۈش، ئۆزئارا دوست بولۇش قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ
ئىتتىپاقلىقى بويىچە دوستلۇق پائالىيەتلىرىنى داۋاملىق
قانات يايدۇرۇش، بۇ پائالىيەتنى لېي فېڭدىن ئۆگىنىش،
جاڭ زىشياڭدىن ئۆگىنىش، لەي نىڭدىن ئۆگىنىش، چىن

شياۋپىڭدىن ئۆگىنىش ۋە ئۆز رايونى، ئۆز ئورنىدىكى قەھرىمان - نەمۇنىچىلاردىن ئۆگىنىش پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئىتتىپاقلىقنى، دوستلۇقنى، مۇقىملىقنى، تۆھپە قوشۇشنى تەكىتلەيدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىش لازىم. جايلار، ئورۇنلار مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقنى مەزمۇن قىلغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنلىرى، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى، خەتتاتلىق، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى، مىللىي مەسىلىگە ئائىت بىلىم مۇسابىقىسى ۋە لېكسىيە سۆزلەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارسىمۇ بولىدۇ. مەكتەپلەر ۋە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرى ھەر مىللەت ياشلار - ئۆسمۈرلەر، ئوقۇغۇچىلارنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى»دىكى تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە پائال قاتنىشىشقا كەڭ سەپەرۋەر قىلىشى، شۇنداقلا ئۇنى «4 - ماي» ياشلار بايرىمى ۋە «1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمىدا دولقۇنغا كۆتۈرۈشى لازىم.

(3) پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ، بولۇپمۇ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، توغرىسىنى قوللاش، يېتەرسىز تەرەپلىرىنى تۈزىتىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرى پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەت ئۇستىلىنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، ئاساسىي قاتلامغا، ئامما ئارىسىغا بېرىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلىشى، ئۆز رايونى، ئۆز ئورنىدا پارتىيىنىڭ

مىللىي، دىنىي سىياسىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ئىگىلەش، شۇنداقلا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈش پرىنسىپى بويىچە، ئاما ئۇچۇن بەزى ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بېرىش، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئاما ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بىر قانچە مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرىش لازىم. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى، زاۋۇت، كان، كارخانىلار، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئالىي مەكتەپلەر ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشى لازىم.

(4) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش لازىم. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، بەزى ناھايىتى ياخشى تەجرىبىلەرنى توپلىدى. ئۇنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، كېڭەيتىش لازىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىدە مۇھىم نۇقتىنى ئاساسىي قاتلامغا قارىتىش، يۇقىرى ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇش، سۈپەت ئۆتكىلىنى قاتتىق ئىگىلەش كېرەك. سان قوغلاشماي، سۈپەتكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش، نوقۇل ھالدا نەمۇنە ئورۇن قۇرۇش نىسبىتى ۋە نام بېرىش تەرتىپىنى سېلىشتۇرۇشتىن ساقلىنىش لازىم. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى»دا جايلار، ئورۇنلار ئۆزىگە قاراشلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە

ئورۇنلارنى بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئۆلچەمگە ئۇيغۇن بولمىغانلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى چەكلىك مۇددەتتە تۈگىتىشى لازىم. يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىشتە تەلەپكە يەتمىگەنلىرىنىڭ نەمۇنە ئورۇن دېگەن نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئىشلار كومىتېتى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا باشلامچى بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ئورۇنلارنىڭ بەزىلىرىنى نۇقتىلىق ئايرىلاپ تەكشۈرۈشى لازىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ئورۇنلارمۇ ئۆزىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈشى، نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈگىتىپ، خىزمەتنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشى لازىم.

(5) تەشۋىقات ـ جامائەت پىكرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزىيە، نەشرىيات ئورۇنلىرى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتىن ئىبارەت مەركەزنى چۆرىدەپ، تەشۋىقات خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشى لازىم. ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش بىلەن ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەشۋىق قىلىش؛ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىش؛ دۇنيا ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش كۆپ بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىش؛ ۋەتەننى سۆيۈش ئۆز مىللىتىنى سۆيۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەشۋىق

قىلىش؛ ھەرقايسى سەپلەردە مەيدانغا كەلگەن مىللەت-
لەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخس-
لەرنى تەشۋىق قىلىش ۋە تەقدىرلەش، پارتىيىنىڭ مىللىي
سىياستى، دىنىي سىياستىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، مىللىي
بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلغان كىشىلەرنى تەشۋىق
قىلىش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ
بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشقان ئەدەبىيات - سەن-
ئەتچىلەرنى تەشۋىق قىلىش، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئى-
دىيىسىنى تەشۋىق قىلىش لازىم. تەشۋىقات جامائەت پىكرى
ئارقىلىق، پۈتۈن جەمئىيەتتە ھەممە كىشى مىللەتلەرنىڭ
ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ھەممە كىشى مىللەتلەر-
نىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان جامائەت پىكرى مۇھىتى
ۋە ياخشى كەيپىيات يارىتىش لازىم.

(6) ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر «مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتىگە بولغان
رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى لازىم. ئۇنى كونكرېت
ئورۇنلاشتۇرۇشى، شۇنداقلا ھەم ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەم تەد-
بىر قوللىنىپ، ھەم تەكشۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ھە-
قىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ھەر
دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئالدى بىلەن ھەرىكەتكە
كېلىپ، باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ، باشلامچىلىق بىلەن
تەكشۈرۈپ، باشلامچىلىق بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىل-
لەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، ھەقىقىي يوسۇندا سۆز
ۋە ھەرىكەتتە بىردەك بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇ-
قىملاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىت-
تىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھ-

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى «پارتىيە 13 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى

ژۇرنىلىمىز خەۋىرى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ يېقىندا تارقاتقان ئۇقتۇرۇشىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: پارتىيىنىڭ 13 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 ـ ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى» ـــ ئىنتايىن مۇھىم ماركسىزملىق

---

پىنىنى قوشۇشى لازىم. تەشۋىقات تارماقلىرى بىرلىكسەپ، مىللىي ئىشلار كومىتېتى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كومىتېتى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى قاتارلىق خەلق تەشكىلاتلىرى بىلەن ماسلىشىپ، پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە بۇ يىلقى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتىنى بىرلىكتە ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم.

ھۆججەت. ھۆججەتتە پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى تۈپ خاراك-
تېرلىك مەسىلە تۇتۇلۇپ، ئېنىق يېتەكچى ئىدىيە ۋە تەد-
بىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى
بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك ئالاقىسىنى يەنىمۇ
قويۇقلاشتۇرۇش، پارتىيە ۋە دۆلەت ھاكىمىيىتى ئورگانلى-
رىنىڭ مەڭگۈ ئاممىدىن ئايرىلماسلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش،
جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە پارتىيە-
نىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە
سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى يادرولۇق
رەھبەرلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن
زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. «قارار»نىڭ روھىنى ئەس-
تايىدىل ئۆگىنىش، چوڭقۇر ئۈزلەشتۈرۈش، قەتئىي ئىزچىل
ئىجرا قىلىش ــ پۈتۈن پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم بىر
ۋەزىپىسى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەش-
تۈرۈپ، ئۆگىنىشكە ئالاقىدار ئىشلارنى تۆۋەندىكىچە ئۇقتۇرىمىز:

1. ھۆججەتلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، يېڭى تارى-
خىي دەۋردە پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىدىن ئىبارەت
ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسى
بىلەن بولغان زىچ ئالاقىنى ساقلاشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم-
لىقىنى چوڭقۇر تونۇش كېرەك. «قارار»دا مۇنداق دەپ
كۆرسىتىلدى: خەلق ئاممىسى تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى،
ئاممىۋى قاراش ــ ماركسىزمنىڭ تۈپ قارىشى، جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش جەر-
يانىدا ياراتقان ۋە راۋاجلاندۇرغان ھەممىدە ئاممىنى كۆزدە
تۇتۇش، ھەممىدە ئاممىغا تايىنىش، ئاممىدىن ئېلىپ،

ئاممىغا قايتۇرۇش ئاممىۋى لۇشيەنى — پارتىيىنىڭ ئىدە-
يىۋى لۇشيەنى، سىياسىي لۇشيەنى، تەشكىلىي لۇشيەنىنى
ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى تۈپ خىزمەت لۇشيەنى، پارتىيىمىزنىڭ
ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە سىياسىي ئۈستۈنلۈكى. تارىخىي تەج-
رىبىلەر خەلق ئاممىسى پارتىيىمىزنىڭ كۈچىنىڭ مەنبەسى
ۋە غەلىبە قىلىشىنىڭ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.
نۆۋەتتە، بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە يۈز بەرگەن
جىددىي ئۆزگىرىشمۇ بىزگە خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان
قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش - قال-
ماسلىق پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە گۇمران بولۇ-
شى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ
بەردى. ھازىر پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز دەل تارىخىي تە-
رەققىياتنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، پارتىيىمىز-
نىڭ ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، كادىرلارنىڭ ئامما
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا،
ياخشى، لېكىن بەزى ئېغىر مەسىلىلەرمۇ ساقلىنىپ، پارتىيە
ۋە ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە زىيان سېلىۋاتىدۇ. بارلىق
كومپارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك
رەھبىرىي كادىرلىرى بۇنىڭغا قارىتا دائىم ھوشيار تۇرۇشى
ۋە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. پارتىيە-
مىزنىڭ مەقسىتى، خاراكتېرى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسى
جەھەتتە، پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش،
«تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش»كە قارشى تۇرۇش ستراتېگىيىلىك
يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، يېڭى تارىخىي دەۋردە پارتىيىنىڭ
ئاممىۋى لۇشيەنىدىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى
قىلدۇرۇش، كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان زىچ ئالا-

قىنى ساقلاشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، «قارار»نىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىش، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئىستىلىنى ياخشىلاش، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك، بۇ، ئۇزاققىچە تىنچ بولۇش، جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ تۈپ ھالقىسى، ھەر قانداق ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت ئاستىدا يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرۇشىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتى.

2. ئۆگىنىش مەقسىتى ۋە تەلىپى

بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش ئىستىل تۈزىتىش روھى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۆگىنىش ئارقىلىق، پارتىيە ئىچىدە ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر ھالدا بىر قېتىم ماركسىزملىق ئاممىۋى قاراش ۋە پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنى ھەققىدە قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىلىدۇ. كەڭ پارتىيە ئەزالىرىغا، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلارغا كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاممىغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشى — تۈپ مەيدان مەسىلىسى، دۇنيا قاراش مەسىلىسى، پارتىيىۋىلىك مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇتۇش لازىم. خەلق ئاممىسى تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى دېگەن قاراشنى، خەلق ئاممىسىدىن ئۆگىنىش قارىشىنى، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش قارىشىنى، كادىرلارنىڭ ھوقۇقنى خەلق بەرگەن دېگەن قاراشنى، پارتىيىگە مەسئۇل بولۇش بىلەن خەلققە مەسئۇل بولۇشنىڭ بىردەكلىكى قارىشىنى، پارتىيە ھەم ئاممىغا تايىنىش ھەم ئاممىنى تەربىيىلەپ، ئالغا يېتەكلەش قارىشىنى مۇستەھكەم تىكلەش كېرەك. «قارار»نى ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا،

يەنە مەركىزىي كومىتېت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تارقاتقان «پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگىنىدىكى كادىرلارنى ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشۈشكە تەشكىللەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»، «پارتىيىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي كېڭەش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ھەم ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر» قاتارلىقلارنى ئۆگىنىپ، «قارار»غا ۋە يۇقىرىدىكى ھۆججەتلەرگە بولغان چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك.

«قارار» نىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە. نۆۋەتتە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مەلۇم ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى بۇ قارارنى، ئىستىل تۈزىتىش روھى بىلەن ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن يەتكۈزۈپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش، بىر تەرەپتىن ئىزچىللاشتۇرۇش، بىر تەرەپتىن خىزمەتلەرنى ياخشىلاش، ساقلاپ تۇرماسلىق، يۆلىنىۋالماسلىق لازىم. ھەرقايسى ۋىلايەتلەر، تارماقلار، ئورۇنلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، «قارار»دىكى تەلەپلەر بويىچە، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ ۋە كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى، خىزمەت ئىستىلىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈشى ۋە يەكۈنلىشى كېرەك. نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش ۋە جارى قىلدۇرۇش، ساقلانغان مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبىنى تېپىش

ۋە ئۇنى ھەل قىلىش چارىسىنى بەلگىلەش ھەمدە تەن-
قىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرۇش لازىم.
مۇشۇ ئاساستا، «ئ..ار»نى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ تەپسىلىي
پرىنسىپى ۋە تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، ئەستايىدىل ئىشقا
ئاشۇرۇش كېرەك. ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسى، بولۇپمۇ
ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار خىزمەت ئەمەلىيىتى
ۋە ئىدىيە ئەمەلىيىتىگە باغلاپ ماركسىزملىق ئاممىۋى
كۆز قاراش ۋە پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇ-
رۇش جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى ئەستايىدىل ئەسلەپ يە-
كۈنلەپ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزىدىن باشلاپ،
ھازىردىن باشلاپ خىزمەت ئىستىلى ۋە رەھبەرلىك ئىس-
تىلىنى ھەقىقىي ياخشىلىشى لازىم.

ماركسىزملىق ئاممىۋى كۆز قاراش ۋە پارتىيىنىڭ
ئاممىۋى لۇشيەنى توغرىسىدىكى تەربىيىنى تۆت ئاساسىي
پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە
قارشى تۇرۇش تەربىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە
ئەزالىرى تەربىيىسى، كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە نەزەرىيە
ئۆگىنىش پىلانىغا كىرگۈزۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك
پارتىيە مەكتەپلىرى، كادىرلار مەكتەپلىرىمۇ بۇ تەربىيىنى
مۇھىم دەرس قاتارىدا ئوقۇتۇش پىلانىغا كىرگۈزۈشى
لازىم. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش ئۆگىنىش
ئۇسلۇبىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش بىلەن ئەمەلىيەتتە
كۆرسىتىشنى بىرلەشتۈرۈش، لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالى-
يىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. پارتىيە ئەزالى-
رى باشلامچىلىق بىلەن لېي فېڭدىن ئۆگىنىشى، ھەممىدە
ئاممىنى ئويلىشى، خەلقنىڭ چاكىرى بولۇشى لازىم. ھەر-
قايسى ۋىلايەتلەر، تارماقلار، ئورۇنلار ئەستايىدىل تەكشۈ-
رۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئاما ئەڭ كۆڭۈل بۆلى-

دىغان ھەم بىجىرىش شەرت ـ شارائىتى بار بىر لەچچە ئەمەلىي ئىشنى ھەقىقىي ئىشلىشى لازىم.

3. تەشكىلىي رەھبەرلىك

بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، پارتكوم تەشـ ۋىقات بۆلۈمى كونكرېت خىزمەتلـەرنى تەشەببۇسـكارلىق بىلەن ئىشلىشى كېرەك. ھەرقايسى ۋىلايەتلەر، تارماقلار، ئورۇنلار يۇقىرىقى تەلەپلەر بويىچە ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىشنى ئورۇنـلاشتۇرۇشى كېـرەك. ئاپتو- نوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ماركسىزم كلاسـ سىكلىرىنىڭ پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيـ تىشكە دائىر بايانلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ «شىنجاڭ تەشۋىقا- تى» نىڭ 5 ـ سانىغا كۆپچىلىكنىڭ ئۆگىنىشتە پايدىلىنىـ شى ئۈچۈن بەرمەكچى. گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئوبـزور ۋە ماقالە يېزىش ھەممىدە ئاممىا بىلـەن زىچ ئـالاقە باغلىـ غان، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك، ئىرىشچان بولـغان ياخشى پارتىيە ئەزاسى، ياخـشى كادىرلارنـى زور كـۈچ بىـلەن تەشۋىق قىلىش، ياخشى ئاساسىي قاتلام پارتـىيە تەشكىـ لاتلىرىنى تەقدىرلەش كېرەك. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوم- مۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارمۇ پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ ئالاقىسـ دىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى تەتقىق قىلىشى كېرەك. ھـەر دەرىجىـ لىك رەھبەرلەر ئاساسىي قاتلامغا، ئاممىا ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈشى، تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىشى، ئاممىنىڭ ئىدىـ يىۋى ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىشى، خىزمەتـنى دەل جايـىدا ئىشلىشى كېرەك.

# ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىق قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بۇ يىللىق پاكلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى بەش تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى

ژۇرنىلىمىز خەۋىرى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىق قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1989 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئەھۋالى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاساسلىق خىزمەتلەر توغرىسىدىكى دوكلات تېزىسى»نى تەستىقلاپ تارقاتتى، «تېزىس»تا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ئومۇمىي تەلەپ مۇنداق: پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى پاك بولغان، خىزمەت ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان، ئىنتىزام ۋە قانۇنغا بويسۇنىدىغان ئورگان قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى نىشان قىلىپ، كەڭ ئاما ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان خىيانەتچىلىككە، پارىخورلۇققا

قارشى تۇرۇش، ئومۇمنىڭ پۇلىنى خەجلەپ يېيىش - ئىچىش، سوۋغات تەقدىم قىلىش، قائىدىگە خىلاپ ھالدا خۇسۇسىي ئۆي سېلىشنى توسۇش، چوڭ - چوڭ دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ۋە شىركەتلەرنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پاكلىق قۇرۇلۇشنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئاخىرىغىچە چىڭ تۇتۇش، ئاجايىپ ئۇنۇملۇك خىزمەتلەر ئارقىلىق، دۆلەتنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى تويۇقلاشتۇرۇش، بۇ ئارقىلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان تۈزەش، ياخشىلاش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ۋەزىپىلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. «تېزىس» تا بۇ يىللىق بەش تۈرلۈك ئاساسىي ۋەزىپە كۆرسىتىلدى.

1. تونۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆستۈرۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پاكلىق قۇرۇلۇشنى داۋاملىق تۈردە چوڭ ئىشلار قاتارىدا، تۇتۇش كېرەك.

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى — مۇشكۈل، مۇرەككەپ، ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش، شۇنداقلا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرى، ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك كۈرەش. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، ئىشەنچىسىنى چىڭىتىپ، بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش، قانۇننى، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش تارماقلىرىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسى ۋە قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ھوقۇق

يۈرگۈزۈشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ، ئۇلارنىڭ خىز-
مەت داۋامىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشى-
غا ياردەم بېرىشى كېرەك. پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆ-
كۈمەتلىرىدىكى ئاساسلىق رەھبەرلەر ئۆز جايى، ئۆز تارمى-
قى، ئۆز ئورنىدىكى تەسىرى بار مۇھىم دېلولارنى ئۆزى
بىۋاسىتە سۈرۈشتە قىلىپ، بىۋاسىتە تۇتۇپ، دېلو بېجىرگۈ-
چى ئورۇنلارنىڭ كاشىلا ۋە توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، دېلو-
لارنى ئىمكان قەدەر تېز ئاخىرلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرى-
شى كېرەك.

ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش، سوت، جامائەت
خەۋپسىزلىكى، رېۋىزىيە، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇ-
رۇش، مۇپەتتىشلىك، باج تارماقلىرى قاتارلىق ئىنتىزام
ۋە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار ئۆزلىرىنىڭ فۇنكسى-
يىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىنتىزامغا، قانۇنغا
خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش دېلولىرىنى تەكشۈ-
رۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈن
تەرتىپىگە كىرگۈزۈشى، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قى-
لىپ، بۇنداق ھەركەتلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن زەربە
بېرىشى، بولۇپمۇ چوڭ - چوڭ دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر
تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى گەۋدىلىك ھالدا ياخشى تۇتۇشى
كېرەك. تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى ماسلاشتۇرۇش تۈزۈمى ۋە
ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، ئەھۋاللاردىن بىر - بى-
رىنى ئۆز ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىپ تۇرۇش، بىر - بىرىنى
قوللاپ دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى
ئىلگىرى سۈرۈپ، دېلو بېجىرىش خىزمىتىنىڭ بىر پۈتۈن
ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات تارماقلىرى ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىق قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى بىرلىشىپ تارقاتقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ (1990) 2 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى تەلەپلەر بويىچە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلىشى كېرەك. پارتىيىمىزنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشى ئىكەنلىكىنى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭمۇ كۆپىنچىسىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى مەردانىلىق بىلەن تەشۋىق قىلىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ پارتىيىنىڭ بۇ جەھەتتە ئىشەنچىگە، كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىش، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ئارىسىدا چىرىكلىكنى تۈگىتىش، پاك - دىيانەتلىك بولۇش، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا تىرىشچان بولۇش، ئەمەلىي ئىشلەش جەھەتتە بارلىققا كەلگەن تىپلارنى تەشۋىق قىلىش، ھەرقايسى سەپلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر، بارلىققا كەلگەن ئىلغار ئىش - ئىزلار ۋە مۇنەۋۋەر شەخسلەرنى تەشۋىق قىلىش، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، شەخ-

سىيەتسىز ھالدا ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى جارى قىلدۇ-
رۇش، بۇ ئارقىلىق غەيرەتنى ئاشۇرۇپ، ئىشەنچنى كۈ-
چەيتىش كېرەك.
ناھىيىدىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك جىرىكلىكتە قار-
شى تۇرۇش پاكلىق قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى
ۋە ئۇلارنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى خىزمەتلەرنى
داۋاملىق تۇردە ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، ماسلاشتۇ-
رۇش، يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى، مەسلىھەتچىلىك ۋە
ياردەمچىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.
يېقىنقى مەزگىلدە، رەھبەرلىك كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا،
خىزمەتچى خادىملارنى ئازايتىۋېتىشكە بولمايدۇ، ئادەم كۈچى
يېتىشمەيۋاتقان، خىزمەت دېگەندەك ياخشى قانات يايدۇ-
رۇلمىغان ئورۇنلاردا ئادەم كۈچىنى تولۇقلاش ۋە رەھبەر-
لىكنى كۈچەيتىش كېرەك.
2. يۇقىرى بىلەن تۆۋەن بىرلىشىپ، مۇھىم نۇقتىنى
تۇتۇپ، چوڭ ـ چوڭ دېلولارنى داۋاملىق تۈردە تەكشۈ-
رۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.
تۆۋەنتە جىرىكلىكنى تۈگىتىش، دېلولارنى تەكشۈ-
رۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا، خىيانەتچىلىك قىلىش، پارىخور-
لۇق قىلىش، ھوقۇقىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ قاقتى ـ سوق-
تى قىلىش، ھوقۇقىغا تايىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش،
ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىش، ئىسراپخورلۇق قىلىش دېلو-
لىرىنى، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش، ئېغىر ھالدا بيۇروكراتـ
لىق قىلىش دېلولىرىنى، ئادەم ئىشلىتىش مەسىلىسىدە
ئۆز يېقىنلىرىنى ئىشقا قويۇپ، ئېغىر ھالدا كادىرلار
خىزمىتى ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر-

نى چوڭقۇر قېزىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش كېرەك. تەكشۈ-
رۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئوبيېكتى جەھەتتە مۇنداق ئىك-
كى مۇھىم نۇقتىنى، يەنى بىرىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك
پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىنى ۋە ئۇنىڭ-
دىكى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى؛ ئىككىنچىدىن، كا-
دىرلار خىزمىتى ھوقۇقى، مالىيە، ماددىي ئەشيا ھوقۇقى
قاتارلىقلارنى تۇتۇۋاتقان تارماقلارنى، قانۇن، ئىنتىزام-
نى ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارنى گەۋدىلىك ھالدا ياخشى
تۇتۇش كېرەك.

ئىككى مۇھىم نۇقتىنى ياخشى تۇتۇشنىڭ ئاچقۇچى
ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشتە، نوچىلارغا تېگىشكە
جۈرئەت قىلىشتا. چىرىكلىك قىلمىشى بار رەھبىرىي كادىر-
لارنى مەسىلىسى پاش بولغان، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ھا-
مان، ئاساسىي پاكىتقا ئاساسەن مۇۋاپىق بىر تەرەپ قى-
لىش، ئۇلاردىن خىزمىتىدىن يۆتكەشكە، ۋەزىپىسىدىن قال-
دۇرۇشقا، ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاشقا تېگىشلىكلىرىگە ئۆز
ۋاقتىدا تەشكىلىي جەھەتتە تەدبىر قوللىنىش، جىنايى
ئىشلار قانۇنىغا كۆرۈنەرلىك ھالدا خىلاپلىق قىلغانلىرىنى
سىياسىي قانۇن تارماقلىرىنىڭ قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ
بىر تەرەپ قىلىشىغا تېزرەك ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېرەك.
ھەقىقەتەن چىرىكلىك مەسىلىلىرى مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن
ئۇنى تۈگىتىش جەھەتتە ۋەزىيەت يارىتىلمىغان ئورۇنلار-
نىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى قەتئىي تەڭشەش كېرەك.
مەسىلىسىنى يوشۇرغان، ھەتتا ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق
قىلغانلارنى قانات ئاستىغا ئالغانلارنى رەھبەرلىك ئورنى-
دىن قەتئىي چۈشۈرۈۋېتىش، جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خى-

لاپلىق قىلغانلارنى قانۇن بويىچە جازالاش كېرەك.

دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك، كادىرلارنى باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە قايسى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتى باشقۇرىدىغان كادىردا ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسى كۆرۈلسە، ئۇنى شۇ دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتى مەسئۇل بولۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرمەيدىغان كادىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھاۋالە قىلغان مەسىلىنى چىڭ تۇتۇپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك قانۇن ۋە ئىنتىزامنى ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار ئۆتكەندە قېپقالغان دېلولارنى ئەستايىدىل ئېنىقلىشى، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغانلىكى دېلولارنى، بولۇپمۇ چوڭ- چوڭ دېلولارنى دەرھال قەتئىي قارارغا كېلىپ، بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە ئاخىرلاشتۇرۇشى، ئاخىرلاشتۇرۇلمىغان باشقا دېلولارنى چىڭ تۇتۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى، ئالدىنقى يېرىم يىلدا ھەممىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

مۇھىم نۇقتىلارنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز جايى، ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان باشقا مەسىلىلەرنىمۇ ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. مەسىلەن، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى كادىرلارنىڭ، كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلارنىڭ ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، قانۇنغا، ئىنتىزامغا خىلاپلىق

قىلىپ شەخسىي ئۆي سېلىش، ئۆينى كۆپ ئىگىلىۋېلىش، ئىشچى، كادىر، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا نەپسانىيەتچىلىك قىلىش، ئومۇمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۇزاققىچە ئىگىلىۋېلىش، قەرز ئېلىۋالغان ئومۇمنىڭ پۇلىنى قايتۇرماي ئارقىغا سۆرەش، ئومۇمنىڭ پۇلىنى خەجلەپ ئۆز ئۆيىدە زىياپەت ئۆتكۈزۈش، ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش، ئاپتوموبىل بېرىش، ئاپتوموبىل ئىشلىتىش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

نۆۋەتتە خىيانەتچىلىك قىلىش، پارىخورلۇق قىلىش، هايانكەشلىك قىلىش دېلولىرى ۋە ئومۇمنىڭ پۇلىنى باشقا يەرلەرگە ئىشلىتىش هادىسىلىرى «كۆپ يۈز بېرىدىغان تارماقلار» نىڭ ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، قۇرۇلۇش، تەمىنات ـ سودا، بانكا، ئاشلىق، نېفىت، دورا ماتېرىيالى، ئالتۇن قاتارلىقلارنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. جايلار، تارماقلار ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، بىر قانچە مۇھىم دېلونى رەتكە تۇرغۇزۇپ چىقىشى، پارتىيە، هۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىق قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ دېلولارنى هۆددىگە ئېلىپ، كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، مەركەزلىك هالدا بۆسۈش هاسىل قىلىشى كېرەك.

3، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ياخشى يولغا قويۇپ، هەرقايسى جەھەتلەردىكى ئۈنۈملۈك نازارەتنى كۈچەيتىش كېرەك.

پاكلىق تۈزۈمى قۇرۇلۇشىدا تۈزۈملەرنى ئىزچىللاش

تۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بۇلتۇر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىدە بىر قانچە ئىشنى ئاشكارا قىلىش يولغا قويۇلدى، بەزى ئورۇنلاردا مۇكاپات پۇلىنى ئاشكارىلاش يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن كادىرلار خىزمىتى، مالىيە، ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش ھوقۇقىنى، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىنى ۋە باشقا باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ كېلىۋاتقان پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى «ئىككىنى ئاشكارىلاش، بىرنى نازارەت قىلىش» پرىنسىپىنى تېخىمۇ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى، كونكرېت چارىلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، ئاممىغا ئېلان قىلىپ، قاتتىق ئىجرا قىلىپ، پاكلىق قۇرۇلۇشنى تۈزۈم جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك. بۇ يىل جايلار، ئورۇنلار ئۆزلىرىنىڭ پاكلىق تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى ھەر يېرىم يىلدا بىر قېتىم ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ چىقىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، چەكلەنگەن ئىشنى توختاتمىغان، قائىدە-تۈزۈملەرگە ئەمەل قىلمىغانلارنى تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، دەرھال بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى نازارەت قىلغۇچى تارماقلار ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىق قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئىشخانىلىرى نۆۋەتلىك ھالدا تەكشۈرۈپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، مەسىلىلەرنى بايقاپ، پاكلىق قۇرۇلۇشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ نازارەت قىلىش رولىنى

جارى قىلدۇرۇش، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلارنى نازارەت قىلىشىنى، تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنى نازارەت قىلىشىنى ۋە تەڭ دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ئۆزئارا نازارەت قىلىشىنى ئوبدان يولغا قويۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاممىۋى نازارەتنى، جامائەت پىكرى نازارىتىنى ۋە نازارەت قىلغۇچى تارماقلارنىڭ نازارىتىنى كۈچەيتىش لازىم. پاش قىلىش مەركىزى رەھبەرلىرىنىڭ مەخسۇس لىنىيىلىك تېلېفونى قاتارلىق ئۈنۈملۈك ئاممىۋى نازارەت قىلىش شەكىللىرىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش ۋە ئۇنىڭ رولىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جارى قىلدۇرۇش لازىم.

4. سىياسەتنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش، قاتتىق ھالدا قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك.

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە قاتتىق ھالدا سىياسەت بويىچە، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش كېرەك. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا، ئىرادە زور بولۇشى، قەدەم پۇختا بولۇشى لازىم. ھەم ئاممىنى قوزغاش، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىش، ھەم ئاممىۋى ھەرىكەت ئېلىپ بارماسلىق، ھەممە ئادەمنى ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزمەسلىك لازىم. دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا، يۇقىرىلار قانۇن ئالدىدا بىردەك باپباراۋەر دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن بويىچە جازالاشقا تېگىشلىكلەرنى، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىردەك جازالاش لازىم. دېلولارنى بېكىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتا، چوقۇم «پاكىت ئېنىق بولۇش، ئاساس تولۇق بولۇش، خاراكتېرىنى بېكىتىش توغرا بولۇش، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش، رەسمىيەت تولۇق بولۇش»

فـاڭجبنىدا چىڭ تـۇرۇش كېرەك، ئىشنى قـول ئـۇچىدا قىلىشقا ھەرگىز بـولمايدۇ، بىر تـەرەپ قىلىنغان دېلـولار تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك، قانۇنغا ۋە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان كىشىلەرنى قـانۇن ۋە ئىنتىزام بويىچە بىر تـەرەپ قىلىش كېرەك. قـانۇنسىز ھالدا تۇتۇپ تۇرۇپ سوراق قىلىش، ئاختۇرۇش ۋە سولاپ قويۇشنى قاتتىق مەنئى قىلىش كېرەك. پاش قىلغۇچىلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە قـوغداش، چوڭ ـ چوڭ مـەسىلىلەرنى پاش قىلغانلارنىڭ پاش قىلغانلىرى راست بولسا، ئۇلارنى مـۇكاپاتلاش كېرەك، پـاش قىلغۇچىلارغا زەربـە بەرگـەن، زىيانكەشلىك قىلغان كىشىلەرنى قـاتتىق جـازالاش لازىم. توسالغۇ ۋە كاشىلىلارنى تۈگىتىپ، دېلو بېجىرىش داۋامىدا ئارىغا ئادەم قويۇپ قانات ئاستىغا ئالغانلارنى، يۈز خاتىرە قىلىپ چاپان ياپقانلارنى ئـاشكارا پـاش قىلىش، قـاتتىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇن ۋە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا، باشقۇرۇش دائىرىسى ۋە تەستىقلاش ھـوقۇق دائىرىسى بويىچە، ئاۋۋال ئالاقىدار يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىش، دوكلات قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى دوكلات قىلىش، قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتەشكە تېگىشلىكلىرىدە قانۇنىي رەسمىيەت ئـۆتەش، يـۇقىرى دەرىجىلىك ئـورۇنلارغا ئەنگـە ئـالدۇرۇشقا تېگىشلىكـلىرىنى يـۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا ئەنگە ئالدۇرۇش كېرەك. ئـەيىبلەش كـەچۈرۈم قىلىنغان، ئەيىبلەنمەيدىغان، جىنايى ئىشلار جازاسى كەچۈرۈم قىلىنغان ۋە سوممىسى بىر قەدەر ئاز بولغان، جىنايەت

شەكىللەندۈرمىگەن، لېكىن، پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدىغان كىشىلەرنى ئىمكان قەدەر تېز بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇلارنى بالدۇر بوپىنى تاشلاپ يەڭگىللەپ سەپكە ئاتلىنىپ، ئاكتىپ ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. دېلولارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى توغرا بولمىغان بولسا، ۋاقتىدا تۈزىتىش كېرەك.

5. تىرىشىپ ئىستىلنى ياخشىلاپ، بيۇروكراتلىقنى ھەقىقىي تۈگىتىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش كېرەك.

بۇ يىل يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىقتىسادىي مۇھىت تۈزۈلىدىغان، ئىقتىسادىي تەرتىپ ياخشىلىنىدىغان ۋە ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدىغان ئاچقۇچلۇق بىر يىل، بۇ يىل خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەش ئالاھىدە مۇھىم. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان پاسسىپ، چىرىك ھادىسىلەرنى داۋاملىق تىرىشىپ تۈگىتىپ، ئاممىنىڭ ئىشەنچىسنى ئاشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەركىزىي كومىتېتنىڭ (1990) 3 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھى بويىچە ئىستىلنى تىرىشىپ ياخشىلاپ، بيۇروكراتلىقنى ھەقىقىي تۈگىتىپ، ئورگاندىن چىقىپ، ئامما ئارىسىغا، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈشى، ئاممىنىڭ پىكرىگە، تەكلىپ ۋە تەنقىدىگە سەمىمىي ھالدا قۇلاق سېلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەر ۋە قىيىن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشى، ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئىشلىشى؛ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ فاڭجېن، سىيا-

سەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىملىقىنى ساقلاشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ، ئاممىنى تىنچ - ئىتتىپاقلىقنى تىرىشىپ قوغداشقا سەپەرۋەر قىلىپ، بۇ يىلقى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى پائال ئورۇندىشى، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار ۋە ئامما بىلەن بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ، ئەقىل كۆرسىتىپ ۋە چارە تېپىپ، ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ۋە تۇرمۇش داۋامىدىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشى لازىم. پاكلىق قۇرۇلۇشى داۋامىدا، پاك بولۇش، تىرىشچان بولۇش نىشانى بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ھەم پاك بولۇشنى تەكشۈرۈپ، ھەم نەتىجىنى تەكشۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى پاك - دىيانەتلىك بولۇشقا، تىرىشىپ ئىشلەپ خەلقنى كۆزدە تۇتۇشقا، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، تۈزەش، ياخشىلاش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشقا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش لازىم.

## بىڭتۇەندىكى ھەردەرىجىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت تەتقىقات جەمئىيەتلىرى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت نەزەرىيە تەتقىقاتى پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت تەتقىقاتى جەمئىيىتىكى ھەر دەرىجىلىك جەمئىيەتلىرى تۆت ئاساسىي پرىنسىپنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يېڭى دەۋردىكى پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى ۋە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئەمەلىيىتىنى زىچ چۆرىدەپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئەمەلىيىتىنى يېتەكچى نەزەرىيە بىلەن تەمىن ئېتىپ، كارخانا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش جەھەتتە پائال رول ئوينىدى.

ئۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە جەھەتتە تەتقىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇردى:

ئالدى بىلەن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن تەربىيىسى ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش جەريانىدىكى ئىدىيىۋى - سىيا-

سىي خىزمەتتىن ئىبارەتبۇ ئاساسىي مەسىلىنى چۆرىدەپ، مەخسۇس تەتقىقات ۋە مۇھاكىمىنى قانات يايدۇردى. ئېنىق بولمىغان مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بەش يىلدىن بۇيان، بىڭتۇەندىكى ھەرقايسى شى، ئىدارە، ئالىي مەك- تەپ. مەكتەپ ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سانائەت، قاتناش، قۇرۇلۇش كارخانىلىرى ئىدىيىۋى- سىياسىي خىز- مەت تەتقىقات جەمئىيەتلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 856 قېتىم مەخسۇس تېمىدا تەتقىقات يىغىنى ئاچقان، مەسىلەن، «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانلىرى- نىڭ ئىسلاھات جەريانىدىكى ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت مۇھاكىمە يىغىنى»، «تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇ- رۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش توغ- رىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنى»، «پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن تەربىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى»، «ۋەزىيەت تەر- بىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى»، كارخانا روھىنى بەرپا قىلىش مۇھاكىمە يىغىنى»، «تىجارەتنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمى جەريانىدىكى، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت مۇھاكىمە يىغىنى»، «مەكتەپلەردىكى سىياسىي تەربىيە مۇھاكىمە يىغىنى» قاتارلىقلار. مەزمۇنى كەڭ بولغان مەخسۇس تېمىدىكى بۇ مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا بىڭتۇەنىڭ ئىسلاھا- تىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتتە دۇچ كەلگەن گەۋدىلىك مەسىلىلەر، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئاساسىي قاتلام كارخانىلىرىدىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەي- تىش ۋە ياخشىلاشتا پائال رول ئوينىدى. يېزا ئىگىلىك

2 - شى خوگۇاڭ ئىلمە توقۇمىچىلىق زاۋۇتى «ئىشچى -
خىزمەتچىلەر ئارىسىدا سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش
تەربىيىسىنى قانداق ئېلىپ بېرىش»، «ئىسمىنا - گو-
رۇپپىلاردىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت»، «ياشلارنىڭ
پىسخىك ئالاھىدىلىكى» توغرىسىدا مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى
ئېچىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسى 4 -، 5 -
ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەققىدە
ئىزدىنىپ، ياشلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىز-
مەتنى كۈچەيتتى، سىمېنا - گورۇپپا قورۇلۇشىدا يول
ئاچتى ۋە بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. قورۇلۇش
1 - شى قورۇلۇش كەسپىنىڭ سەييارە، تارقاق، خىزمەت
مۇھىتى جاپالىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، «جا-
پاغا چىداپ كۆرەش قىلىش، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى
بېغىشلاش» تەك كارخانا روھىنى يېتىلدۈرۈش ھەققىدە
مەخسۇس مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرۇپ، جاپا - مۇشەققەتلىك
مۇھىت ئاستىدا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ياخشى
ئىشلەشنىڭ بىر قەدەر ياخشى بولغان تەدبىرلىرىنى تېپىپ
چىقتى.

ئىككىنچىدىن، مۇھىم تېمىلارنى تەتقىق قىلىشنى
ياخشى تۇتتى. ھەر دەرىجىلىك تەتقىقات جەمئىيەتلىرى
ئۆز ئورنىنىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىقتىسا-
دىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئەمەلىيىتىدە چىڭ تۇرۇپ،
ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت جەريانىدىكى قىيىن مەسى-
لىلەرنى تەتقىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ،
كۈچنى تەشكىللەپ مۇھىم نۇقتىلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ
ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشتى.

يېزا ئىگىلىك 8 - شى يىغىنىدىن بۇيان، شى، تۈەن (زاۋۇت) تىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنى تەشكىللەپ، مۇھىم تېمىلار ئۈستىدە مۇھاكىمىنى قانات يايدۇردى، يېزىلغان ئىلمىي ماقالە 320 پارچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 20 پارچىسى ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۈەن تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە دەپ باھالاندى، 42 پارچىسى ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى گېزىت - ژۇرناللاردا ۋە نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئېلان قىلىندى. يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى ئۆز ئورنىنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ مەركىزىگە بىرلەشتۈرۈپ، 15 تېما تۈزۈپ چىقىپ، ھەر دەرىجىلىك تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلارنى تەتقىق قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى ھەمدە تەتقىقات-مۇھاكىمە يىغىنى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت جەريانىدا دۇچ كەلگەن يېڭى مەسىلىلەرگە بىر قەدەر ياخشى جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە سىياسىي خىزمەت كادىرلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئۈچىنچىدىن، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى كېڭەيتتى. بىرى، يىللىق يىغىن ۋە مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئېچىپ، مۇھىم تېمىلاردا ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. بىڭتۈەن تەتقىقات جەمئىيىتى ئاچقان 3 - نۆۋەتلىك يىللىق يىغىندىلا 66 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى ۋە تەقدىرلەندى. بەش يىلدىن بۇيان بىڭتۈەن-

دىكى ھەر دەرىجىلىك تەتقىقات جەمئىيەتلىرى ئېلان قىلـ
غان ئىلمىي ماقالە جەمئىي 3174 پارچە بولۇپ، ھەر دەرى
رىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى ۋە تەتقىقات جەمـ
ئىيەتلىرىدىكى ئاكتىپلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىـ
دى. ئىككىنچىسى، گېزىت ـ ژۇرناللاردىن پايدىلىنىپ،
ئىلمىي ماقالىلەرنى ئالماشتۇردى ۋە ئېلان قىلدى. بەش
يىلدىن بۇيان، پۈتۈن بىڭتۇەننىڭ رايون، ئۆلكە، دۆلەت
دەرىجىلىك گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان ئىدىيىۋى ـ
سىياسىي خىزمەت جەھەتتىكى ماقالىلىرى 587 پارچە.
ئۈچىنچىسى، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئىشلىتىش توغرىسىدا
كېلىشىم ئىمزالىدى. يېزا ـ ئىگىلىكنىڭ 8 ـ شى
1 ـ ئاۋغۇست پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىشلىتىلىش
قىممىتى يۇقىرىراق بولغان ئىلمىي ماقالىلەرنى تاللىۋېلىپ،
بىرىنچى سەپتىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى بىلەن
تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئىشلىتىش توغرىسىدا توختام ئىمـ
زالىدى. 1987 ـ يىلى ئۇلار ئۈچ پارچە ئىلمىي ماقالىنى
تاللىۋېلىپ، 14 پارتىيە ياچېيكىسى بىلەن تەتقىقات نەتىـ
جىلىرىنى ئىشلىتىش توختىمى ئىمزالىدى، 1988 ـ يىلى
6 ـ ئايدا ئېچىلغان توختامنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش
يىغىنىدا، يەتتە پارتىيە ياچېيكىسى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى
ئىشلىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، تەتقىق قىلىش ۋە ئىشلـ
تىشنىڭ زىچ بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇنىڭدىن
باشقا، بىڭتۇەن تەتقىقات جەمئىيىتى يەنە ئىلگىرى ـ كېيـ
يىن بولۇپ، نۇرغۇنلىغان شى ۋە ئىدارىلەردىكى تەتقىقات
جەمئىيەتلىرى بىلەن بىللە سىناق بازىسى قۇردى، خۇلاـ
سىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تەتقىقات تەجرىبىلىرى جەھەتـ

تىكى تەجرىبىلەرنى كېڭەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىكتۇەندىكى ھەر دەرى-
جىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر سىياسىي خىزمەت تەتقىقات
جەمئىيەتلىرى ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇ-
رۇپ، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا
تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ،
پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي
خىزمىتىنى كۈچەيتىشى ئۈچۈن، مەسلىھەتچىلىك، ياردەمچى-
لىك رولىنى جارى قىلدۇردى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن
بۇيان، بىكتۇەن تەتقىقات جەمئىيىتى بىكتۇەن پارتكومى
تەشۋىقات بۆلۈمىگە ماسلىشىپ، كارخانىلارنىڭ ئىدىيىۋى -
سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى چۆرىدىگەن ھالدا، بىر
قەدەر كەڭ دائىرىدە تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئېلىپ
باردى، مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى ۋە كادىرلار،
ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىدىن تەھلىل
ماتېرىيالى يېزىپ چىقتى، بۇ، بىكتۇەن پارتكومىنىڭ
«دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانلىرىدىكى
ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش-
تىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا بەلگىلىمە» ۋە «تەش-
ۋىقات، ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى
ئۇقتۇرۇش» قاتارلىق مۇھىم ھۆججەتلەرنى تۈزۈشتە
بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولدى. بىكتۇەندىكى
ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام تەتقىقات جەمئىيەتلىرىمۇ
كەڭ دائىرىدە تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشنى قانات ياي-
دۇردى. يېزا - ئىگىلىك 5 - شى 85 - تۇەن تەتقىقات
جەمئىيىتى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئاسا-

سى قاتلاملاردا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى قانات
يايدۇرۇشتىكى ئۇن تۆرلۈك ئۇسۇلنى خۇلاسىلاپ چىقتى:
قايىل قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، داۋلى ئارقىلىق
كىشىلەرنى قايىل قىلىش؛ كۆڭۈل بۆلۈپ كۆيۈنۈپ، ھېس-
سىيات ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈش؛ ئۈلگە يارىتىپ، تىپلارنى
تىكلەش؛ ئوتتۇرىدىكىلەرنى ياخشى تۇتۇپ، ئىككى باشتى-
كىلەرنى ئالغا باستۇرۇش؛ ئارقىدىكىلەرگە ياردەم بېرىپ،
ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئالاھىدىلىكىنى
ئىگىلەپ، بىر ئاچقۇچ بىلەن بىر قۇلۇپنى ئېچىش؛ پسى-
خىكىلىك پائالىيەت قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، ئىدىيىۋى
بىخلارنى تۇتۇش؛ جانلىق، تېتىك بولۇش، تەربىيىنى كۆ-
ڭۈل ئېچىشقا سىڭدۈرۈش؛ ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەش،
ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش؛ ئىجتىمائىي جامائەت كۈچىدىن
پايدىلىنىپ، ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش. بۇ
ئۇسۇللار ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ياخشىلاشتا
ناھايىتى ئوبدان رول ئوينىدى.

# «ئىسلاھات ۋە يېڭى تەپەككۇر» نىڭ ئاساسىي كۆز قارىشىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

ئىلاۋە: «ئىسلاھات ۋە يېڭى تەپەككۇر» دېگەن كىتابنى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى گورباچېۋ ئامېرىكىدىكى بىر نەشرىيات سودىگىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن يازغان. 1987 ـ يىل 11 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىي كىتابلار نەشرىياتى رۇس تىلىدا، ئامېرىكا خاف ــ رو شىركىتى ئىنگلىز تىلىدا بىرلا ۋاقىتتا نەشر قىلغان. گورباچېۋ كىتابتا «يېڭى تەپەككۇر» نىڭ ئاساسىي كۆز قارىشىنى ۋە مۇشۇ كۆز قاراش يېتەكچىلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى، تاشقى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق بايان قىلدى. شۇڭلاشقا، بۇ كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن خېلى زور خەلقئارا تەسىر پەيدا قىلدى. شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدىكى ۋەزىيەتنىڭ بىردىنلا ئۆزگىرىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ۋەزىيىتىدىكى جىددىي داۋالغۇش، قالايمىقانچىلىقلار «يېڭى تەپەككۇر» بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كۆپچىلىكنىڭ بۇ كىتابنىڭ ئاساسىي خاھىشى ۋە ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە ياردەم بولسۇن ئۈچۈن، بۇ كىتابتىكى ئاساسىي كۆز قاراشلارنى قىسقىچە تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرىمىز.

1. «يېڭى تەپەككۇر» نىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى ئىك-
كىنچى ئىنتېرناتسىئونال سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيە-
سىنىڭ ئىدىيىسىدىن كەلگەن. گورباچېۋ مۇنداق دەپ
قارايدۇ: ئىنسانلارنىڭ «ئورتاق مەنپەئەتى» — «هايات-
لىق»، «هاياتلىق هەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ». «پۈتۈن
ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى سىنىپىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن
تۇرىدۇ»، «بۇ دۇنيادا، بىز ئورتاق تەقدىر بىلەن باغ-
لانغان.» «دۇنيا بىر پۈتۈن گەۋدە. بىز هەممىمىز يەر
شارىدىن ئىبارەت بۇ پاراخوتتىكى يولۇچىلار، بىز بۇ پا-
راخوتنى غەرق قىلىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك.» «پۈتۈن ئىن-
سانىيەت هازىر بىر پاراخوتتا بىللە ياشاۋاتىدۇ، غەرق
بولسىمۇ، لەيلەپ تۇرسىمۇ بىللىلا بولىدۇ»، «يېڭى تە-
پەككۇرنىڭ يادروسى ئىنسانىيەتنىڭ قىممىتى هەممىدىن
ئەلا دېگەندىن ئىبارەت.» «بۇنداق تەپەككۇر («يېڭى
تەپەككۇر» نى دېمەكچى) نىڭ چىقىش نۇقتىسى ئومۇم-
يۈزلۈك بولغان ئۆزئارا بېقىنىشنى چۈشىنىش، ئۇنىڭ ئا-
ساسىي مەدەنىي جەمئىيەت مەڭگۈ مەۋجۇت بولسۇن دې-
گەندىن ئىبارەت.» سوتسىيالىزمنىڭ «ماهىيىتى دېموكرا-
تىيە ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك.» بۇ ئىدىيەۋى كۆز قاراشلار
ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ تۈپ قائىدىسىگە خىلاپ، پرو-
لېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ تۈپ پرىنسىپىغا خىلاپ، سوتسى-
يال دېموكراتلار پارتىيىسى تەرغىپ قىلغان سوتسىيال
دېموكراتىزمنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى كۆچۈرۈلمىسى.

2. «يېڭى تەپەككۇر» خەلقئارا ئىشلارنى سىنىپ ۋە
سىنىپىي كۆرەش نۇقتىئىنەزەرى بىلەن تەهلىل قىلىشنى
پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، سى-

نىپتىن تاشقىرى بولغان «ئىنسان تەبىئىتى» ۋە سىنىپتىن
تاشقىرى بولغان «ئىنسانپەرۋەرلىك» نى تەرغىپ قىلدى.
گورباچېۋ: «ئۇرۇش سىياسىنىڭ ئىككىنچى بىر شەكلىدە
داۋام قىلىشى دېگەننىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى»، دەپ
قارايدۇ ۋە مۇنۇلارنى تەشەببۇس قىلىدۇ: «ئۇرۇش بول-
مىغان، ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى بولمىغان دۇنيا-
نى بەرپا قىلىش كېرەك»، «يادرو دەۋرىدە، ئىنسانلار يې-
ڭى سىياسىي تەپەككۇرنى ۋە ئىنسانلارنى ياشايدىغان
يېگانە تىنچلىقنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىدىيىسىنى ۋۇجۇتقا
كەلتۈرۈش كېرەك... ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتىنى ئۆزگەر-
تىپ، ئاتوم قوراللىرى بولمىغان، زورلۇق كۈچ ۋە ئۆچ
ئېلىش، ۋەھىمە، گۇمان بولمىغان دۇنيانى بەرپا قىلىش
كېرەك.» ئۇنىڭ قارىشىچە، كەلگۈسىدىكى يادرو ئۇرۇشى-
دا «غەلىبە قىلغۇچىلارمۇ، مەغلۇب بولغۇچىلارمۇ بولماي-
دۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا ھېچكىم ساق قالمايدۇ.» «بىزنىڭ
قارىشىمىزچە، پارتىيە پروگراممىسىنىڭ يېڭىدىن تۈزۈتۈل-
گەن نۇسخىسىدا، ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئوخشاش بولمىغان
دۆلەتلەرنىڭ تىنچ بىللە تۇرۇشىنى «سىنىپىي كۈرەشنىڭ
ئالاھىدە شەكلى» دەپ بىلىش دېگەن سۆزنى داۋاملىق
ساقلاپ قېلىشقا بولمايدۇ.» ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچىمى-
نى خەلقئارا سىياسىنىڭ ئاساسى قىلىپ، خەلقئارا مۇنا-
سىۋەتلەرنى ئىنسان تەبىئەتلەشتۈرۈش، ئىنسانپەرۋەرلىك-
لەشتۈرۈش تارىختا تۇنجى قېتىم جىددىي زۆرۈر بولۇپ
قالدى.»

گورباچېۋنىڭ بۇ كۆز قاراشلىرى پرولېتارىيات بىلەن
بۇرژۇئازىيە، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمدىن ئىبارەت

ئىككى سىنىپ، ئىككى خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم ئوتتۇرىسى-
دىكى قارىمۇ قارشىلىقنى تۈپتىن يوققا چىقاردى، ئۇنىڭ
ماھىيىتىنى خەلققارا مىقياسىدىكى سىنىپىي كۈرەشنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت.

3. «يېڭى تەپەككۇر» دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئىسلاھات» سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى كاپىتالىزم يۆنىلىشىگە قاراپ ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت. گورباچېۋ مۇنداق دەپ قارايدۇ: «سوتسىيالىزمدا مەغلۇبىيەت، زىددىيەت، كرىزىس ۋە توختاپ قېلىش كېلىپ چىقتى»، بۈگۈن «بىزدە سوتسىيالىزمنىڭ تەجرىبىلىرى، ۋە سوتسىيال دېموكراتىزمنىڭ تەجرىبىلىرى بار»، سوتسىيالىزم «خىلمۇ خىل بولىدۇ»، ئۇ سوتسىيال دېموكراتىزمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيال دېموكراتلار توپلىغان مول تەجرىبىلەرنى تەتقىق قىلىشقا قىزىقىدۇ»، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ۋە سوتسىيالىزم لاگېرىدا «ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان ئىنسانپەرۋەر، دېموكراتىك سوتسىيالىزم» بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىسلاھاتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى «بىزنىڭ تۈزۈمىمىزنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەر بىر ھەل قىلغۇچ تەرەپلىرىدىكى يېڭى ئىقتىسادىي تەرەپتىكى ۋە ئەخلاق تەرەپتىكى ئىنسانپەرۋەرلىك خاراكتېرىنى ئەڭ تولۇق كۆرسىتىش.» بۇ ئەمەلىيەتتە قانداقتۇ سوتسىيالىستىك «ئىسلاھات» ئېلىپ بېرىش ئەمەس، بەلكى «دېموكراتىك سوتسىيالىزم» ئىدىيىسى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى كاپىتالىزمغا يېتەكلەشتىن ئىبارەت.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «ئىسلا-

ھات ۋە يېڭى تەپەككۇر» دېگەن نېمە. ئەمەلىيەتتە، سوت-
سىيالىستلار پارتىيىسى تەرغىپ قىلغان دېموكراتىك سوت-
سىيالىزمنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى تىرىلىشى. كې-
تابىتىكى ئاساسىي كۆز قاراشلار ئاساسىي جەھەتتىن ئىك-
كىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ دېموكراتىك سوتسىيالىزم ئى-
دىيىۋى كۆز قارىشىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى
«ئىسلاھات» ئالغا ئىلگىرىلەش بولالمايدۇ. پەقەت يېڭى
تارىخىي شارائىتتىكى چېكىنىشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ. بۇ
ئىدىيىۋى كۆز قاراشلار سوۋېت ئىتتىپاقى پارتىيىسىدە،
دۆلىتىدە ناھايىتى زور ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىق پەيدا
قىلىپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيادا بولۇپمۇ شەرقىي ياۋ-
روپادا يامان تەسىر ۋە ئېغىر ئاقىبەتلىرى كەلتۈرۈپ
چىقاردى. ئۇ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىكى بۇرژۇئاچە
ئەركىنلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرغۇچىلارنى ئىلھاملاندۇردى،
بىر مۇنچە كىشىلەر خاتا ھالدا دېموكراتىك سوتسىيالىزم-
نى غايىۋى نىشان قىلىۋېلىپ، پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا
قارشى ئىدىيىلەر ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى، غەربنىڭ
شەرقىي ياۋروپادا تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنى يولغا قويۇش
ئۈچۈن يېشىل چىراق يېقىپ بەردى، شەرقىي ياۋروپا
ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە نىسبەتەن خاتا يېتەكلەش،
ئىلھام بېرىش، ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ھەبىبە، ئامىنە، تۇرنان
مەسئۇل مۇھەررىرى: م. ئىپلاخۇن


新疆宣传 (维吾尔文) شىنجاڭ تەشۋىقاتى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈم «شىنجاڭ تەشۋىقاتى»
تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ش ئۇ ئا ر قەرەللىك ژۇرناللار تىزىملىكى نومۇرى: 841